ئومۇمىي 47-سان


2023 ئىيۇل


# ئۇيغۇرلار

## *The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



جاسۇسلۇق ۋە يالغانچىلىق
1


ئامېرىكا-خىتاي ئۇرۇشى
33


خىرسلار ۋە يېشىملەر
58

ئومۇمىي 47-سان

2023 ئىيۇل

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئومۇمىسال ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمە دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسى ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.

باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت

مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم

ئۆتكۈر ئالماس

---

**چىقارغۇچى ئورۇن :**

ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (UPF)

www.uyghursfoundation.org

---

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:

ئۇيغۇر پروجېكت فوندىغا تەۋە.

**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**

---

6 009800 461091 >



# مۇندەرىجە


## مىسلىسىز ئويغىنىش

ئامېرىكا نېمە ئۈچۈن خىتاي بىلەن بولغۇسى ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ؟

يالغانچىلىق ۋە ئەخلاق 79

## خىتاي تەتقىقاتى

جاسۇسلۇق ۋە يالغانچىلىق

## خەلقئارا ۋەزىيەت

خىتاي ئامېرىكا بىلەن بولغان تېخنولوگىيە ئۇرۇشىدا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى

قانداق قىلغاندا كەسپتە روناق تاپقىلى بولىدۇ؟ 28


## تۈگۈنلەر ۋە يېشىملەر

خىرسلارنى چۈشىنىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش

خۇمارنىڭ كۈچى ۋە ھوقۇقنىڭ خۇمارى 53















## تارىخ ۋە بىز

برۇنېي سۇلتانلىقى ۋە شەرقىي تۈركىستان 39

دىكتاتورلۇق ھەققىدە 91

## مەدەنىيىتىمىزدە ئىسلام

مەن ئىسلامنى قانداق تاپتىم؟ 63

## ساغلاملىق

كالىينىڭ ئاجايىپ رولى ھەققىدە 85

## ھېكمەتلەر

شەخسىيەتچىلىك ھەققىدە 100

## كۆڭۈل ۋە تەن

بالىلاردىكى تارتىنچاقلىق ھەققىدە 47

چۈشكۈنلۈك ھەققىدە پسىخولوگىيىلىك ساۋات 93

خىتاي تەتقىقاتى

# SPIES AND LIES


# جاسۇسلۇق ۋە يالغانچىلىق

## HOW CHINA'S GREATEST COVERT OPERATIONS FOOLED THE WORLD

'When Alex Joske speaks, governments need to listen.'
**MIKE GALLAGHER, MEMBER OF US CONGRESS**

ئالېكس جوسك

ALEX JOSKE



# يەتتىنچى باب: جېڭ بىجيەن ۋە خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى

(داۋامى)

## ئون يىللىق ھەرىكەت: خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ۋە خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى

«خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» ئىسمىلىك مەزكۇر ئاقىللار ئامبىرى نۇرغۇن تەتقىقاتچىلارغا ۋە تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەرگە خىتايدىكى ئۆزگىرىش ۋە لىبېرالىزم ئارزۇسىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى چۈشىنىدىغان بىر قانچە غەرب ئىستىخبارات خادىملىرىغا نىسبەتەن، بۇ ئىسىم ئۇلارنى ھەم قايىل قىلىدۇ، ھەم ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ. «خىتاي سەتچىلىكى» (Chinagate، 5 ـ بابقا قاراڭ) ۋە خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ ۋاشىڭتون سىياسىتىدىكى دەسلەپكى مەزگىلدىكى مۇداخىلىلىرى بۇ خەلقئارالىق ھەرىكەتنىڭ تولۇق تەييارلىقى ئىدى. جېڭ بىجيەننىڭ يېتەكچىلىكىدىكى مەزكۇر ئاقىللار ئامبىرى خىتاينىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدىكىلەر بىلەن ئۇچرىشىش جەھەتتە تەڭداشسىز ئىمكانىيەتكە؛ شۇنداقلا، پارتىيەنىڭ ئالىي تەربىيەلەش ئاپپاراتى (يەنى «مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى») بىلەن بولغان باغلىنىشى سەۋەبلىك، يۇقىرى «نەسەب»كە ۋە سىياسىي نوپۇز كەچمىشكە ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ بېيجىڭدىكى ئىشخانىسىغا سابىق پرېزىدېنت جورج W بۇش، سابىق دۆلەت بىخەتەرلىكى مەسلىھەتچىسى ھېنرى كىسسىنگېر ۋە برېنت سكوۋكروفت، بىل كلىنتوننىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى ۋىلىيام ج.پېرىي قاتارلىق ئامېرىكانىڭ پېنسىيەگە چىققان تەدبىر بەلگىلىگۈچىلىرى ۋە سىياسىيونلىرىنىڭ زىيارەت قىلغاندا چۈشكەن سۈرەتلىرى ئېسىلغانىدى. (14) بۇ بېيجىڭدىكى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن روياپقا چىقىرىلغان، ۋاشىڭتوندىن توكيو ۋە پارىژغىچە بولغان جايلاردىكى خىتايىنى كۈزەتكۈچىلەرگە نىسبەتەن پەۋقۇلئاددە جەلپكار ئاپپارات ئىدى.

خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ كۆپىنچە تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرگىلى بولمايدۇ. بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ مەخپىيلىكى ۋە كۆپلۈكى زادى نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى بىلىشكە غايەت زور توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ خادىمى بولۇشى مۇمكىن بولغان بىرەيلەن خوڭكوڭدا پەيدا بولىدۇ ـ دە، بۇ يەرنى بازا قىلغان ھالدا ماۋرىتىئۇس ئارىلى ۋە ئاۋمېن بىلەن ئالاقە ئورنىتىدۇ. ئۇنىڭ ئىسمى پانامانىڭ

مەلۇم بىر ھۆججەتتە كۆرۈلۈپ، ئاشكارا بىلىنمىگەن بىر شىركەتكە باغلىنىشى مۇمكىن. ئۇ ئىشلەتكەن نۇرغۇن يالغان ئىسىملارنى ھېچكىم بىلمىگەچكە، يىپ ئۇچى شۇ يەردىلا ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا پەقەت بىر تورنىڭ پارچىلىرىلا قالىدۇ. بىراۋ شۇنداق بىر تورنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلالايدۇ-يۇ، ئەمما ئۇنىڭ مېخانىزمىنى، نىشانىنى ۋە ئاقىۋىتىنى بىلەلمەيدۇ. بۇ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان كىشى قايتا-قايتا باشتىن كەچۈرىدىغان، كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان كەچمىشتۇر.

«خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولۇپ، بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب ئۇنىڭ ئاجايىپ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرەلىشىدىكى سەۋەب بىلەن ئوخشاشتۇر. ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى يوشۇرۇن جاسۇسلارغا، يۇقىرى تېخنىكىلىق ئۈسكۈنىلەرگە ياكى قارامىلىق بىلەن مەخپىي ھۆججەتلەرنى ئوغرىلاشقا تايانغان ئەمەس. مەزكۇر پروگراممىنىڭ (يەنى «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» پروگراممىسىنىڭ) ئەڭ قالتىس يېرى شۇكى، خىتاي ئوچۇق-ئاشكارا تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنىڭ بەزىدە ئەڭ ئاقىلانە تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكىتى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى. گەرچە مەزكۇر ھەرىكەتنىڭ دائىرىسى كەڭ بولسىمۇ، ئامېرىكا ئىستىخبارات ساھەسىدە بۇ ئىشنىڭ ئالدى-كەينىنى ياخشى بىلىدىغانلار تولىمۇ ئاز بولۇپ، ئامېرىكا ئىستىخبارات ساھەسىدىكىلەرنىڭ بەزىلىرى «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نى پەقەت «خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى بىلەن مۇناسىۋىتى بار ئاقىللار ئامبىرى، ئەمما ئەندىشە قىلغۇدەك ئاساسلىق ئامىل ئەمەس» دەپ قارايدۇ. (15)

خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ئۆزىنىڭ بېيجىڭدىكى باش شتابىنىڭ مەلۇم بىر جايىدا، بىر قىسىم جاسۇسلىرىنىڭلا قانۇن ئىجرائاتى ئاپپاراتلىرىنىڭ قاماللىرىغا دۇچ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلغان بولۇشى مۇمكىن. FBI غا ئوخشاش جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش ئورگانلىرى ئادەتتە دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى، قوغدىلىدىغان تېخنىكىلارنى ۋە ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنى قوغداش ھەلەكچىلىكىدە يۈرىدۇ ھەمدە ئاقىللار ئامبىرى ۋە تاشقى سىياسەت يىغىنلىرى دېگەنلەردىن ئانچە بەك ئەنسىرەپ كەتمەيدۇ. گەرچە خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ چەتئەلنىڭ سىياسى سىستېمىلىرىغا بولغان تونۇشىنىڭ پىشىپ يېتىلىشىگە نۇرغۇن يىللار كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ رەسمىي ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ چېتىدىكى («خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»غا ئوخشاش) مەزكۇر تەشكىلاتلارنىڭ ئەھمىيىتىنى ناھايىتى تېزلا تونۇپ يەتتى.

ئەينى چاغدا، تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكىتىگە قارشى تۇرۇش FBI نىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئەمەس ئىدى، شۇنداقلا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ بۇ خىل پائالىيەتلەرگە قانچىلىك ئەھمىيەت بېرىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەنلەر تولىمۇ ئاز ئىدى. (16) ئامېرىكانىڭ خىتاينىڭ جاسۇسلۇق پائالىيەتلىرى توغرىسىدىكى ئەرزلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئىقتىسادىي جاسۇسلۇققا مەركەزلەشكەنىدى، ھالبۇكى بۇ پەقەتلا خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى پائال ھەرىكەت قىلىۋاتقان نۇرغۇن ساھەلەردىن بىرى ئىدى. خىتاي جاسۇسلىرىنى سوتقا تارتقان دۆلەتلەردىن بىر نەچچىسىلا بار. خىتاينىڭ ئىقتىسادىي جاسۇسلۇقىغا ئالاقىدار

سوت دېلولىرى كۆپەيگەنسېرى ۋە جامائەتچىلىككە ئاشكارىلانغانسېرى، كىشىلەر بۇ كالامپاي مىكىرلەرنىڭ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ پائالىيەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمىغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىغا شۇنچە بەك ئىشىنىشكە باشلىدى. ھالبۇكى، كۆپ يىللاردىن بۇيان ئەستايىدىل پىلانلانغان ھەرىكەتلەرنى ئاشكارىلاش تېخىمۇ تەس ئىدى. (يەنى كىشىلەرگە ئاشكارىلانغان جىنايەتلەر خىتاي دائىرىلىرى سادىر قىلغان ئەڭ ئېغىر ۋە ئەڭ پىلانلىق جىنايەتلەر ئەمەس ئىدى، ت)

پىشىپ يېتىلگەن ئىستىخبارات تېخنىكىسىنى قوللانغان ھەمدە سىناقتىن ئۆتكەن قانۇنلارغا خىلاپلىق قىلغان چەتئەل ئىستىخبارات خادىمىنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش تاشقى سىياسەت ساھەسىدىكى ئاكادېمىكلار بىلەن پاراڭلىشىدىغان، ئەمما ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنى ئىندەككە كەلتۈرۈشكە ئاشكارا رەۋىشتە ئۇرۇنمايدىغان چەتئەل ئىستىخبارات خادىمىنى ئىز قوغلاشقا قارىغاندا، كىشىنى تېخىمۇ بەكرەك ھاياجانغا سالىدۇ ۋە تېخىمۇ كۈچلۈك ئۇتۇق تۇيغۇسى بېغىشلايدۇ. كەسپتە ئۇتۇق قازىنىشنى ئويلايدىغان جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش خادىمى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھېچقاچان ئەرز قىلىنىشقا سەۋەب بولالمايدىغان تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈشكە ئۆزىنى بېغىشلاش ھاماقەتلىك بولۇشى مۇمكىن. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بىر ئىنژېنېر ئامېرىكا مۇداپىئە ھۆددىگەرلىك شىركىتىنىڭ رېئاكتىپ موتور تەتقىقات پروگراممىسىنىڭ نەتىجىسىنى ئوغرىلىغاندا، بۇنىڭ (ئامېرىكاغا سالىدىغان) زىيىنى ھەمىشە نەچچە يۈز مىليون دوللارغا يېتىدۇ. ئۇزۇن مۇددەتلىك تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى ھېس قىلىنىغاندا، ئاللىقاچان بەكلا كېچىككەن بولىسىز. خىتاينىڭ تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىگە تاقابىل تۇرۇشنى ئويلايدىغان، ئۈمىدسىزلەنگەن غەرب ئىستىخبارات خادىملىرى ئۆز رەھبەرلىرىدىن ھېچقانچە قوللاشقا ئېرىشەلمەيدۇ، بۇنداق بولۇشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەردىن بىرى بۇ خىل ھەرىكەتلەرنىڭ جىنايى تەرەپلىرىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىش بەسىي مۈشكۈل. (17)

سەرخىللارغا تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈنمەسلىكىنىڭ باشقا سەۋەبلىرىمۇ بار. خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى يۇقىرى دەرىجىلىك سىياسىي ئەربابلارنى نىشانلاش ۋە تىزگىنلەش ئارقىلىق، تاراتقۇلاردىن ۋە پارلامېنت تەكشۈرۈشىدىن يىراق تۇرۇشنى خالايدىغان جاسۇسخورلارنى (spy catcher ـــ جاسۇسلارنى بايقاشقا ۋە تۇتۇشقا مەسئۇل خادىم ياكى ئاپپاراتلارنى كۆرسىتىدۇ، ت) قولايسىز سىياسىي تاللاشلارغا مەجبۇرلىدى. (يەنى جاسۇسلارنى تۇتۇشقا مەسئۇل خادىم ۋە ئاپپاراتلار ئادەتتە يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلىشقا مايىل بولۇپ، ھە دېگەندە تاراتقۇلارنىڭ كۆزىگە چېلىقىشنى ياكى ئۆزىنىڭ تەكشۈرۈش ھەرىكەتلىرى سەۋەبلىك دۆلەت مەجلىسىدە گۇۋاھلىق بېرىشنى خالىمايدۇ، ئەمما خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ نوپۇزلۇق سىياسىي ئەربابلارغا تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنى تەكشۈرگەندە ھەم تاراتقۇلارنىڭ، ھەم دۆلەت مەجلىسىنىڭ دىققىتىنى تارتىشتىن ۋە ئاشكارا گۇۋاھلىق بېرىشتىن ساقلانغىلى بولماي قالىدۇ، ت) ئامېرىكانىڭ سابىق ئىستىخبارات ئەمەلدارىنىڭ سۆزىگە كۆرە، ئامېرىكا ئىستىخبارات ئورگىنىنىڭ رەھبەرلىرى مەسىلىنىڭ سەزگۈرلۈكى ھەمدە سىياسىي پارتىيەلەرنى بىئارام قىلىپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەنلىكى سەۋەبلىك، «سىياسىي دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئۆچ» ئىكەن. (18) خىتاي

دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن نىشانلانغان بۇ خىل كىشىلەر ئادەتتە چەتئەل كۈچلىرىنىڭ ئۆزىنى تىزگىنلىۋېلىشىغا يول قويغانلىقىنى ئېيتقانلارغا ئانچە سىپايە ئىنكاس قايتۇرمايدۇ. بۇ ھەرىكەتلەر خىتاينىڭ ئىچى ـ سىرتىدا بىر دۆلەتتىن يەنە بىر دۆلەتكە ئوخشايلا يۈتكىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار يەنە بىر دۆلەتنىڭ كۆپىنچە ھاللاردا ئۆزئارا تولۇق ماسلاشمايدىغان جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش ئورگىنى بىلەن چەتئەل ئىستىخباراتى ئورگىنى ئارىسىدىكى نائېنىق ۋە ئىختىلاپلىق بيۇروكراتىك پاسسىلارنى سۇيىئىستېمال قىلىدۇ.

## شەپىسىز باشلىنىش

1994 ـ يىلى 1 ـ مارت شەپىسىزلا قۇرۇلغان «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» دەسلەپكى قەدەمدە خەلقئارا مۇتەخەسسىسلەر بىلەن ئىقتىسادىي سىياسەت توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇرۇشنى ئاساس قىلغانىدى. (19) ئۇ «خىتاي ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى تەتقىقات يۇرتى»نىڭ قارمىقىدا بولۇپ، مەزكۇر تەتقىقات يۇرتى كاپىتالىزم بىلەن خىتايچە سوتسىيالىزمنى بىلەن تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن شاپاشلاۋاتقان بىر تۈركۈم ئىقتىسادشۇناسلار ۋە تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەردىن تەشكىل تاپقانىدى. (20) پېنسىيەگە چىققان ھۆكۈمەت ئىقتىسادشۇناسى ۋاڭ گۈيۋۇ (Wang Guiwu) «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك رەئىسلىكىگە سايلانىدى. ۋاڭ گۈيۋۇ ئۆزىنىڭ خىتاي باش مىنىستىرى ۋە باش ئىقتىسادىي تەدبىر بەلگىلىگۈچى جۇ روڭجى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى پەش قىلالايتتى، چۈنكى بۇ ئىككىيلەن كونا ساۋاقداشلاردىن ئىدى. ئەمما، ۋاڭ گۈيۋۇ خەلقئارادا ئانچە تونۇلمىغانىدى، كەسپىي ھاياتىدىمۇ ئانچە يۇقىرى مەنسەپكە ئېرىشەلمىگەنىدى. (21)

«خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ پەردە ئارقىسىدىكى ئەربابلىرى كىشىنىڭ دىققىتىنى تېخىمۇ بەكرەك قوزغايتتى. بۇ تەشكىلات تۇنجى قېتىم 1996 ـ يىلى 1 ـ ئايدا دۆلەتلىك گېزىتلەردە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئەينى چاغدا گېزىتلەردە مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ خەلقئارالىق ئىقتىسادشۇناسلار ئۈچۈن چاغانلىق تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرغانلىقى خەۋەر قىلىنغان ۋە بۇ تەشكىلاتنىڭ باش كاتىپىنىڭ ئىسمىنىڭ «لىن روڭ» ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلگەنىدى. (22) ئالاھەزەل ئون يىلدىن كېيىن، ئۇ يەنە خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ نىقاب تەشكىلاتى بولمىش «خىتاي خەلقئارالىق كۈلتۈر ئالماشتۇرۇش مەركىزى» باش كاتىپى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. (23) ئۇنىڭ 2001 ـ يىلى نيۇيوركتىكى ئاسىيا جەمئىيىتى تەرىپىدىن ھىندىستاننىڭ بانگالور شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن يىغىندىكى ماتېرىيالىغا كۆرە، «لىن پروفېسسور» بېيجىڭ

خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە فرانسىيە دۆلەتلىك مەمۇرىي ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا ئۇچۇرى ئاساسەن تىلغا ئېلىنمىغان. (24)

«خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ ھۆكۈمەتنىڭ تىزىملاش خاتىرىسىدە ئىشلىتىلگەن ئادرېسى ئۇنىڭ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى بىلەن بولغان يەنە بىر باغلىنىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ: «بېيجىڭ ئىچكى شەرقىي رايونى باۋفاڭ كىچىك كوچىسى 35 ـ نومۇر (ھازىر 69 ـ نومۇر)» دېگەن بۇ ئادرېس ئىلگىرى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئىدارىسى تەرىپىدىن كونترول قىلىنغان ئىككى ژۇرنال ۋە ئىككى نىقاب تەشكىلاتنىڭمۇ ئادرېسى ئىدى. (25) ئىلگىرى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ نىقاب تەشكىلاتى بولغان «خىتاي خەلقئارالىق كۇلتۇر ئالماشتۇرۇش مەركىزى» ئارقىلىق ۋاشىڭتوندىكى سەرخىللار بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقان، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لىن دى ئۆز نۆۋىتىدە مەزكۇر «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىدى. (26)

ئەڭ دەسلەپتىن تارتىپلا، مەزكۇر ئاقىللار ئامبىرى تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن سۈپىلىق رولىنى ئوينىغانىدى.

خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»دە كەم دېگەندە 1980 ـ يىللاردىكى «سوروس ۋەقەسى»دىن باشلانغان ئەنئەنىلەردىن بىرىنى ئۆرنەك قىلغانىدى. مەزكۇر مىنىستىرلىق خىتاينىڭ ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش تۈرلىرىگە ـــ مەيلى پرىنسىپ، ياكى مەبلەغ جەھەتتە ـــ مەبلەغ سالغان چەتئەللىكلەرنىڭ خىتاينىڭ ئەڭ چوڭ قوللىغۇچىلىرىغا ئايلىنىدىغانلىقىنى ئاقىلانىلىك بىلەن تونۇپ يەتكەنىدى. بۇ چەتئەللىكلەرنىڭ ياخشى نىيىتىنى باشقا دۆلەتلەرنىڭ تاشقى سىياسىتىنى ۋە خىتايغا بولغان تونۇشىنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىشكە بولاتتى.

بۇنىڭ ئۈچۈن، فەن گاڭ (Fan Gang)، لىن يىفۇ (Justin Yifu Lin) ۋە خۇ ئەنگاڭ (Hu Angang) قاتارلىق خەلقئاراغا داڭلىق خىتاي زىيالىيلىرى ۋە ئىقتىسادشۇناسلىرى ئىنتايىن ئىلگىرىلا بۇ مۇنبەرگە قاتناشتى. بۇ مۇنبەرنىڭ يەنە بىر ئەزاسى ئاۋستىرالىيە دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەتقىقاتچىسى دىڭ شۆلياڭ (Ding Xueliang) بولۇپ، ئۇ 1980 ـ يىللاردا خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالغان «سوروس خىتاي فوندى»نىڭ مەبلىغىگە ئېرىشكەنىدى. خىتاي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تاشقى ئىشلار ئىدارىسىدە خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن ھەمكارلاشقان، ياپونىيەدە سودا قىلىدىغان پېڭ پۇجاڭمۇ (Peng Puzhang) مەزكۇر مۇنبەرنىڭ ئەزالار تىزىملىكىدىن ئورۇن ئالغانىدى. (27) ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى چەتئەللىك تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەر، مەبلەغ سالغۇچى بانكىرلار، ئىقتىسادشۇناسلار ۋە ئاكادېمىكلارنى بۇ ساھەگە جەلپ قىلالايتتى. بۇلارنىڭ ئىسمى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ ياپونىيەدە ھەمكارلىق ئورنىتىشىغا ياردەم بەردى ھەمدە

ياۋروپالىق، ئاۋستراليەلىك، سىنگاپورلۇق، كانادالىق ۋە ئەنگلىيەلىك مېھمانلارنى ئىقتىسادىي يىغىنلارغا جەلپ قىلدى. (28)

گەرچە «خىتاي ئىقتىساد مۇنبىرى» دەسلەپتە ھېچقانچە دىققەتكە سازاۋەر بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كەلگۈسىدىكى جانلىنىشىغا ئاللىقاچان ئاساس سېلىنىپ بولغانىدى. دەرۋەقە، بۇ ھەرىكەت ئۈچۈن «ئىقتىسادىي ئىسلاھات»نى تېما قىلىپ تاللاشنىڭ ئاقلانىلىكى كېيىن ئىسپاتلانىدى. تەسىرى كۈچلۈك راند شىركىتى، فرانسىيە خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ئىنستىتۇتى قاتارلىق ياۋروپا ۋە ئامېرىكادىكى ئاقىللار ئامبارلىرى ناھايىتى تېزلا «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» بىلەن قەرەللىك يىغىن ئۆتكۈزۈشكە ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇشقا باشلىدى. خىتاينىڭ دۆلەت ئىچىدە، مەزكۇر مۇنبەرنىڭ ئەزالىرى ئۆز ساھەلىرى ۋە سىياسەت ئىدىيەسى ئۈستىدە ئىزدىنىش جەريانىدا، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىدىكى ئالاقىچىلىرى تەمىنلىگەن سىياسىي ھىمايىدىن نەپكە ئېرىشكەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ خىتايدا سىياسىي تالاش-تارتىش قوزغىغان ھەر قانداق ماقالىسى ياكى كۆز قارىشىنى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى بىلەن ماسلىشىپ چەتئەللىكلەرگە تەسىر كۆرسىتىش ئۇرۇنۇشى دەپ ئىزاھلاشقا بولىدۇ.

<u>كېڭەيتىلگەن ۋەزىپە: سىياسىي تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى</u>

«خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» قۇرۇلۇپ بىر نەچچە يىلدىن كېيىن، ئەھۋالدا بەزى ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلدى. پارتىيە رەھبەرلىرى ھەربىي ئىستىخبارات جەھەتتىكى ئىپادىسى ئالاقىدار باشقا ئورگانلارنىڭكىدىن تۆۋەن بولغان خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىغا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. (29) شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جياڭ زېمىن ۋە جۇ روڭجى قاتارلىق پارتىيە رەھبەرلىرى خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى ئىچىدىكى پەۋقۇلئاددە ئېغىر چىرىكلىكنى ھەل قىلماقچى بولغانىدا، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ئۆز قابىلىيىتىنى نامايەن قىلىدىغان پۇرسەتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ھەقىقىي سەۋەبىنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى بۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا سىياسىي تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنى كۈچەيتىپ، ئۆزىنىڭ بىر تۈركۈم نىقاب تەشكىلاتلىرى ئارىسىدىن «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نى تاللىدى.

خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ «خىتاي ئىقتىساد مۇنبىرى»غا تاپشۇرغان ۋەزىپىلىرى بارغانسېرى ئۆزگىرىپ ۋە مۇرەككەپلىشىپ باردى. ۋاڭ گۈيۇۋ ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى «ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى تەتقىقات يۇرتى»دىكى باشقا مۇتەخەسسىسلەر ئەمدى بۇ ۋەزىپىگە ماس كەلمەيتتى.

«خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» خىتاي ئىقتىسادىنى كۆزەتكۈچىلەرگە قارىتا «ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش» ئۈمىدىنى داۋاملىق بازارغا سالاتتى ـ يۇ، ئەمما بۇ ھازىر ئىككىلەمچى ۋەزىپە بولۇپ قالغاندى.

ئۇنىڭ يېڭى بايقالغان قىممىتى دۇنيا مىقياسىدا تاشقى سىياسەتنى شەكىللەندۈرىدىغان مۇتەپەككۇرلار ۋە ئورگانلارغا قارشى يۇقىرى دەرىجىلىك سىياسىي تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشتا ئىدى. بۇ نىشانغا تېخىمۇ ماس كېلىدىغان مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى مەزكۇر مۇنبەرنىڭ يېڭى ھامىيسىغا ئايلاندى. مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى جېڭ بىجيەن 2000 ـ يىلى 2 ـ ئايدا «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ يېڭى رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى. (30) خىتاي مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى خىتايدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنى تەربىيەلەيدىغان ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەكتەپ بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆز ئەزالىرىغا سىياسىي تەلقىن قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارتىيە رەھبەرلىك قاتلىمى بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتى بار ئاقىللار ئامبىرى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدۇ. (31) «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ ئىلگىرىكى تەۋەلىك مۇناسىۋىتىگە سېلىشتۇرغاندا، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى بىلەن بولغان ھەمكارلىقى پارتىيە رەھبەرلىرىنىڭ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىغا بولغان ئىشەنچىسىنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسى بولسا كېرەك.

ئەگەر مەلۇم بىر ئىقتىسادشۇناسلار جەمئىيىتىنىڭ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى بىلەن ھەمكارلاشقانلىقى ئاشكارىلانسا، بۇ ئانچە چوڭ ئىش ھېسابلانمايدۇ. ئەمما، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى بىلەن ھەمكارلىشىش بۇنىڭغا قارىغاندا بەكلا سەزگۈر مەسىلىدۇر. سىياسىي بيۇرونىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەزاسى ياكى كەلگۈسىدىكى رەھبەر ئادەتتە مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ پەخرىي مۇدىرى قىلىپ تەيىنلىنىدۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا مەكتەپنى مۇئاۋىن مۇدىر باشقۇرىدۇ. خۇ جىنتاۋ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ رەھبىرى ۋە خىتاينىڭ دۆلەت رەئىسى بولۇشتىن ئىككى يىل ئىلگىرى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بولغاندا، بۇ مەكتەپ «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ ھامىيسى ئىدى. 2007 ـ يىلى، شى جىنپىڭ خىتاينىڭ كەلگۈسى رەھبىرى قىلىپ بېكىتىلگەنلىكى ئۈچۈن، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىگە مەسئۇل قىلىپ تەيىنلەندى. ئەمەلىيەتتە، شى جىنپىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ باش سېكرېتارى بولدى ۋە ئۇنىڭ يېقىن گۇماشتىسى چېن شى (Chen Xi) مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بولدى.

«خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۇنى پارتىيەنىڭ مەركىزىي ھوقۇق ئاپپاراتىنىڭ بىۋاسىتە شاخچىسىغا ئايلاندۇردى. خىتاينىڭ باشقا ئاقىللار ئامبىرىنىڭ كۆپىنچىسى (پارتىيە مەركىزىي ئاپپاراتى تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى) نىسبەتەن تۆۋەن دەرىجىلىك ئورگانلار تەرىپىدىن كونترول قىلىنىدىغان بولۇپ، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا دوكلات سۇنىدىغان «خىتاي خەلقئارا تەتقىقات يۇرتى» بۇنىڭ مىسالىرىدىن بىرىدۇر. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نى ياخشى بىلىدىغان ئامېرىكالىق بىر خىتايشۇناس ماڭا «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى ئەزەلدىن غەلىتە تەشكىلات ئىدى» دېدى. (32) ئۇنىڭ باشقا رەسمىي ئاقىللار ئامبىرىنىڭكىدەك ئۇزۇن تارىخى ياكى

ئىناۋىتى بولمىسىمۇ، ئۇ ناھايىتى تېزلا ئۆزىنى كۆرسىتىپ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىشقا باشلىدى. بۇ ئاساسلىقى پارتىيەنىڭ يۇقىرى قاتلىمىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان، ھەرقايسى ئورگانلار ئۈچۈن ئەمەلدارلارنى تەربىيەلەيدىغان ۋە مەكتەپ مۇدىرى كەلگۈسىدە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ باش سېكرېتارى بولىدىغان مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ تۆھپىسى ئىدى. ھەممىدىن مۇھىمى، جېڭ بىجيەنىڭ مەۋجۇتلۇقى كىشىلەرنى جەلپ قىلاتتى. جېڭ بىجيەن «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ مۇدىرى بولۇپ بىر ئايدىن كېيىن مەزكۇر تەشكىلات ئۆزىنىڭ تور بېتىنى ئاچقاندا، زىيارەتچىلەرنىڭ زىيادە كۆپلۈكى سەۋەبلىك تور مۇلازىمېتىرى بېسىمغا ئۇچرىغان ۋە ئۇلار تور بەتنى قايتىدىن ياساپ، مۇلازىمېتىر ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. (33)

نۇرغۇن كۆزەتكۈچىلەرگە كۆرە، «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» خىتاينىڭ كەلگۈسىنى مۆلچەرلەش ۋە رەھبەرلىرىنىڭ تەپەككۇرىنى چۈشىنىش پۇرستى بىلەن تەمىنلىگەنىدى. بۇ تەشكىلات گويا جوڭنەنخەينىڭ (خىتاي كومپارتىيەسى رەھبەرلىرىنىڭ تۇرالغۇ ۋە ئىش بېجىرىش ئورنى) يېپىق كارىدورىنىڭ ئىچىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان خرۇستال توپقا ئوخشايتتى. ئۇنى ھەتتا خىتاينىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىش ۋە پارتىيە ئىچىدىكى ئىسلاھاتچى كۈچلەرگە رىغبەت بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىشكىمۇ بولاتتى.

«خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» ماۋ زېدوڭچە كاستيۇم ـ بۇرۇلكا كىيىۋالىدىغان، ھەر قانداق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ زىيارەتچىلەرگە غەربتە ساقلانغان مەسىلىلەر ھەققىدە ۋەزخانلىق قىلىشقا (گەرچە مەزكۇر مۇنبەرنىڭ خىزمەتچىلىرىمۇ گاھىدا شۇنداق قىلىسىمۇ) ئامراق، قاتمال پارتىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ قېلىپلاشقان ئەندىزىسىنى بۇزۇپ تاشلىغانىدى. مەزكۇر مۇنبەرنىڭ تەتقىقاتچىلىرى ھەرۋاقىت پارتىيە بېكىتكەن لىنىيەگە (يەنى ئاتالمىش «لۇشيەن»گە) ئەگىشىپ كەتمەيتتى. ئۇلار قارىماققا سالاپەتلىك، لىبېرال ۋە پارتىيەنىڭ ئىچكى قاتلىمىدىن ئاڭلىغانلىرىنى ئورتاقلىشىشنى خالايدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ھەتتا ئۇلاردىن بىرى ئوچۇق ـ ئاشكارە ھالدا خىتاينىڭ «مۇقەررەر» دېموكراتىك ئىسلاھاتىنى قوللىغان ۋە تيەنئەنمېن قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، نەزەربەند قىلىنغان، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئىسلاھاتپەرۋەر باش سېكرېتارى جاۋ زىياڭغا ھېسداشلىق قىلغانىدى. (34)

2000 ـ يىللاردا، تۈركۈملىگەن چەتئەللىك ئەمەلدارلار ۋە تەتقىقاتچىلار بۇ تەشكىلات بىلەن پىكىر ئالماشتۇردى. ھەرقايسى دۆلەتنىڭ باش ئەلچىخانىلىرى ئۆز دۆلىتىگە مەخپىي تېلېگىرامما يېزىش ۋە ئۆز دۆلىتىنىڭ تەدبىر بەلگىلىگۈچىلىرىگە خىتاينىڭ يۈزلىنىشى ھەققىدە مەلۇمات بېرىشتىن ئاۋۋال، مۇشۇ مۇنبەردىكىلەرنىڭ پىكرىنى ئالاتتى. چەتئەلدىكى ئاقىللار ئامبارلىرى ۋە تەتقىقاتچىلار جوڭنەنخەيگە تۇتىشىدىغان بۇ سىرلىق تونېل بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىش ۋە ھەمكارلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن تىپىرلاپ كېتىشكەنىدى. بەزىلەر بۇنى خىتاي كومپارتىيەسىگە تەسىر كۆرسىتىش ھەمدە ئۇنى دېموكراتىيە ۋە ئىسلاھات يولىغا ماڭدۇرۇش پۇرستى دەپ قارىغانىدى. مەزكۇر ئاقىللار ئامبىرىنىڭ خىزمەتچىلىرىنىڭ شۇنچە كۆپىنىڭ ئىسپاتلىغىلى بولغۇدەك ئۆتمۈشى يوق «ئەرۋاھ»لار ئىكەنلىكى ھەققىدە ئويلانغانلار يوقنىڭ ئورنىدا

ئىدى. ئاشكارا كەچمىشى بارلارمۇ كۆپىنچە خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ ئاشكارا تارمىقى بولغان «خىتاي هازىرقى زامان خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر تەتقىقات يۇرتى» (CICIR) دېگەن ئاقىللار ئامبىرىدىن ياكى ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى باشقا نىقاب تەشكىلاتلاردىن كەلگەنىدى. تەجرىبىلىك ئىستىخبارات خادىملىرىمۇ دەسلەپتە خىتاينىڭ تەسىر كۆرستىش هەرىكەتلىرىدىكى قارا نىيەتنى ئاڭقىرالمىغاندەك قىلاتتى. «خىتاي ئىسلاهات مۇنبىرى»نىڭ چەتئەللىك سۆهبەتداشلىرى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ يالغان - ياۋىداقلىرىنى دۇنيانىڭ هەرقايسى جايلىرىغا تارقىتىشقا ـــ ئۆزىمۇ بىلمىگەن، بىپەرۋا هالدا ـــ ياردەم بەردى.

## جاسۇسلارنىڭ پېشۋاسى

1998 - يىلى ۋەزىپىگە ئولتۇرغان خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ يېڭى مىنىستىرى شۈ يوڭيۆ (Xu Yongyue) «خىتاي ئىسلاهات مۇنبىرى»نىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا تۈرتكە بولدى. جېك بىجيەنىنىڭ شۈ يوڭيۆ بىلەن تونۇشۇشى ئۇنىڭ سىياسىي سېكرېتارلىق سۇپىتىدە ئورناتقان ئەڭ مۇهىم مۇناسىۋەتلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. 1980 - يىللاردا، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ كونسېرۋاتىپ كاتتىباشلىرىدىن چېن يۈننىڭ كاتىپى بولغان شۈ يوڭيۆ جېك بىجيەنىنىڭكىگە قارشى سىياسىي مەزهەپنىڭ يۇقىرى قاتلىمىغا تەۋە ئىدى (35). ئۇلار «خىتاي ئىسلاهات مۇنبىرى»دە بىر يەرگە جەم بولدى.

شۈ يوڭيۆنىڭ ئۆزى ئەزەلدىن خىزمەت قىلىپ باقمىغان خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرلىقىغا تەيىنلىنىشى كۆزەتكۈچىلەرنى هەيران قالدۇردى. ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتى ۋە يۈرۈش - تۇرۇشى سەۋەبلىك، كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ مىنىستىرلىق ئورنىغا ئېرىشىشىنى «كۆتۈلمىگەن غەلىبە» دەپ قاراشتى. تەيۋەننىڭ جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش ئورگىنىدىكى خىتاي مەسىلىلىرى تەهلىلچىسى ئەينى ۋاقىتتىكى ئومۇملاشقان كۆز قاراشنى بايان قىلىپ: «قىسقا قىرقىلما چاچ قويۇۋالغان شۈ يوڭيۆ سەهرالىق تومپايغىلا ئوخشايتتى» دېگەن. ئەمما ئۇلار ئىگىلىگەن ئۈچۈرلارغا كۆرە، «ئەمەلىيەتتە ئۇ پەۋقۇلئاددە تالانتلىق يازغۇچى، خىزمىتىدە زېرەك ۋە ئىنچىكە كىشى ئىدى.» (36)

جاسۇسلۇق ئاپپاراتىنىڭ كونا ئاتامانى چېن يۈن شۈ يوڭيۆنىڭ كاللىسىغا ماركسىزم پەلسەپىسىنى سىڭدۈرۈۋەتكەن بولۇپ، بەلكىم ئۇنىڭغا يەنە پارتىيە تارىخى ۋە ئىستىخبارات خىزمىتىنى چوڭقۇر چۈشەندۈرگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما (خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىغا ئوخشاش) مەخپىي هەرىكەت قىلىدىغان ئاپپاراتنى باشقۇرۇش يەنىلا كىشىنى تەشۋىشلەندۈرەتتى. شۈ يوڭيۆ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىغا كىرىشتىن ئىلگىرىكى بەش يىلدا، خېبېي ئۆلكىسىدە پارتىيە سېكرېتارى بولغان

ھەمدە شۇ يەردىكى بىخەتەرلىك ۋە قانۇن ئىجرائاتى سىستېمىسىغا نازارەتچىلىك قىلغانىدى. ئۇ بۇ جەرياندا ئازدۇر ـ كۆپتۇر تەجرىبە توپلىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ تەجرىبىلەر يەنىلا (ئىستىخبارات ساھەسىدىن ئىبارەت) ئۆزىنىڭ مەخپىيلىكى ۋە ھىيلە ـ نەيرەڭلىرى بىلەن پەخىرلىنىدىغان بۇ يوشۇرۇن دۇنيانىڭ سىرلىرىنى بىلىشكە يەتمەيتتى.

شۇ يوڭيۈ ئۆزىنىڭ تەجرىبىسىزلىكىنى ئۆتكۈر ئەقلى ئارقىلىق تولۇقلىدى. ئۇ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىغا كىرىشتىن سەل ئىلگىرى، مۇرەككەپ باشقۇرۇش مېخانىزمىدىن پايدىلىنىپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى ياخشىلاش ۋە جىنايەتنى ئازايتىش توغرىسىدا «كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان» نۇتۇق سۆزلىدى ۋە ئۇنىڭ بۇ نۇتقى «خەلق گېزىتى» ئارقىلىق مەملىكەت مىقياسىدا تارقالدى. (37) ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە، دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىدا تەشكىلىي ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىلدى ھەمدە بۇ مىنىستىرلىقنىڭ قارمىقىدىكى سانى ۋە چېرىكلىك ئەھۋالى شىددەت بىلەن ئېشىۋاتقان تىجارەت ئاپپاراتلىرى ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەۋتىش قىلىندى ۋە بۇ ئاپپاراتلارغا سېلىنغان مەبلەغلەر قايتۇرۇۋېلىندى. (38) چېن يۈنگە كاتىپلىق قىلغان 15 يىلمۇ شۇ يوڭيۈنى سەرخىللار بىلەن كەڭ ئالاقە تورى ئورنىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ بىلەن بەسلىشەلەيدىغان تولىمۇ ئاز ئىدى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، بۇ ئالاقە تورى ھەم ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكى، ھەم خىتاينىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى ئۈچۈن قىممەتلىك ئىدى.

خىتاي جاسۇسلىرى دۆلەت ئىچىدە ئۇچۇر بەرگۈچىلەر ۋە ئالاھىدە خادىملارنى قوبۇل قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە ئالاقە تورىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ جەھەتتە كىشىلەرنى مەجبۇرىي ئىندەككە كەلتۈرۈش مۇمكىن بولسىمۇ، ئەمما ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن جاسۇسلۇق قىلغانلار ئادەتتە تېخىمۇ بەك كارغا كېلىدۇ ۋە ئىشەنچلىك بولىدۇ. ئىندەككە كەلتۈرگۈچىنىڭ ئورنى قانچە يۇقىرى بولسا، ئىستىخبارات مۈلۈكلىرىنىڭ (intelligence asset ــــ ئىستىخبارات پائالىيەتلىرىدە، «ئىستىخبارات مۈلكى» ئىستىخبارات ئورگىنى ياكى ھۆكۈمەتكە ئۇچۇر ياكى ياردەم بېرەلەيدىغان ئادەم ياكى ئورۇننى كۆرسىتىدۇ. ئىستىخبارات ئاپپاراتلىرى بۇ خىل «ئىستىخبارات مۈلۈكلىرى»نى قوبۇل قىلالايدۇ، باشقۇرالايدۇ ۋە ئۇچۇر توپلاش، ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش، ۋەياكى ۋەزىيەتتە تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىشلىتەلەيدۇ. بۇ «مۈلۈك»لەر جاسۇس، ئۇچۇر بەرگۈچى، ئىچكى خادىم ياكى سانلىق مەلۇماتلارنى توپلاپ تەھلىل قىلىدىغان تېخنىكىلىق سىستېمىلار قاتارلىق تۈرلۈك شەكىللەردە بولىدۇ. «ئىستىخبارات مۈلۈكلىرى»نىڭ قىممىتى ئۇلارنىڭ سەزگۈر ئۇچۇرلارغا ئېرىشىش ئىمكانىيىتى، ئىشەنچلىكلىكى ۋە ئىستىخبارات ئاپپاراتىنى پايدىلىق چۈشەنچە بىلەن تەمىنلەش ياكى قوللاش ئىقتىدارىغا باغلىق، ت) داۋاملىق ھەمكارلىشىش ئېھتىماللىقى شۇنچە چوڭ بولىدۇ. شۇ يوڭيۈ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ جىڭ بىجىيەندەك يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارنى ئەڭ چوڭ نىشان بېكىتىلگەن تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ ۋەكىللىكىگە تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن، بۇ كونا خىزمەتدىشىنى زىيارەت قىلىش ئىشلىرىغا يېقىندىن ئىشتىراك قىلغان بولۇشى كېرەك.

گەرچە جېك بىجيەن بۇ چاغدا ئىستىخبارات خادىملىرىنىڭ ئىچىدە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىدىن پەقەت بىلىشى زۆرۈر بولغان دائىرىدىلا خەۋەردار بولالايتتى. خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى دائىم خەلقئارادا ئىناۋىتى بار، پېنسىيەگە چىققان ئەمەلدارلارنى نىقاب تەشكىلاتلىرىغا مەسئۇل قىلىپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ. گەرچە ئۇلار «ئىشەنچلىك» بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىشەنچ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىناۋىتىدىن پايدىلىنىدىغان تەشكىلاتلارنى ياكى ھەرىكەتلەرنى باشقۇرۇشقا يەتمەيدۇ. ھالبۇكى، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى جېك بىجيەن بىلەن ئادەتتىن تاشقىرى چوڭقۇر ۋە ئۈنۈملۈك ھەمكارلىق ئورناتقانىدى.

ئەگەر خىتاي چەتئەللىكلەرنى تىزگىنلىمەكچى بولسا، نۇتۇق تالانتى تولىمۇ كۈچلۈك بولغان جېك بىجيەن شۈبھىسىزكى بۇ جەھەتتىكى ئەڭ ياخشى تاللاشلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ئەلۋەتتە بۇ خىزمەتكە «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ ئالدىنقى رەھبىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ ماس كېلەتتى ھەمدە ئۇ مەزكۇر ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشتىن ئىلگىرىلا بۇ تەشكىلاتتا تېخىمۇ چوڭ رول ئويناشقا باشلىغانىدى. (39) كەسپىي ھاياتىدىن مەنبەلەنگەن ئېلاستىك خاراكتېر ئۇنى پارتىيەنىڭ لىنىيەسى بىلەن غەربنىڭ خىتاي ھەققىدىكى ئارزۇ ـ ئۈمىدى ئارىسىدا ئىرغاڭلاپ تۇرۇشقا ماسلاشتۇرغانىدى. ئۇ بۇ ئىككى تەرەپنى ياراشتۇرۇشنىڭ قولايلىق، ئەمما قايمۇقتۇرغۇچى يوللىرىنى تاپالايتتى. ئۇنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ماھىيىتىگە، نازۇك، ئەمما ھەمىشە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان، ھەتتا گاھىدا رەقىب تازىلاش ھەرىكىتىگە ئايلىنىپ كېتىدىغان ئىدىئولوگىيە ۋە پىرقىلەر ئارىسىدىكى سۈركىشلەرگە بولغان چوڭقۇر تونۇشى ئۇنىڭ بۇ خىل ئىشلارغا ياخشى تەييارلىق قىلىشىغا تۈرتكە بولغانىدى.

جېك بىجيەن بىلەن كۆرۈشكەن بىر نەپەر تەجرىبىلىك سابىق ئىستىخبارات ئەمەلدارى چاقچاق قىلىپ، جېك بىجيەننىڭ بېيجىڭدىكى ھوقۇق مەركىزىدە ئۇزۇن يىل تۇرالىشىدىكى سىرنىڭ ئۇنىڭ «شامال گۇرۇھى» بىلەن بىر سەپتە تۇرغانلىقى (يەنى ھوقۇق شامىلى قايانغا چىقسا، شۇ تەرەپتە تۇرغانلىقى) ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. (40) ئۇنى پارتىيە ئىچىدىكى مەلۇم بىر گۇرۇھنىڭ ئەزاسى دېگىلى بولمايتتى. ئەكسىچە، ئۇ ھوقۇق شامىلى قايانغا چىقسا شۇ يانغا مېڭىپ، ئوتتۇز نەچچە يىل ئىچىدە ئالتە نەپەر پارتىيە رەھبىرىنىڭ قول ئاستىدا مۇھىم ئورۇنلارغا ئېرىشكەنىدى. ھوقۇق سەھنىسىدىن سىقىپ چىقىرىلغان خۇ ياۋباڭغا يېقىن بىر كىشى ئۈچۈن باشقا چىقىش يولى يوق ئىدى، ئەلۋەتتە. ئۇ پارتىيە سىستېمىسىدا ھايات قېلىش ئۈچۈن تىركىشىپلا قالماستىن، بىر قاتار ھوقۇق تالىشىش كۈرەشلىرى داۋامىدا يۈكسىلىشكە مۇۋەپپەق بولدى.

# سەككىزىنچى باب: «خىتاينىڭ تىنچ قەد كۆتۈرۈشى» سەپسەتىسى

جېك بىجىيەنىنىڭ «تىنچ قەد كۆتۈرۈش» ئۇقۇمىنى شەرھلىشى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» ئارقىلىق ئىنچىكىلىك بىلەن تەشكىللىگەن ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئامېرىكانىڭ «خىتاي سىياسىي جەھەتتە لىبېراللىشىدۇ» دېگەن قاتمال ئىشەنچىسىگە خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى قوشۇلۇپ، ئامېرىكانىڭ خىتاينىڭ سىياسىي لىنىيەسىنى تونۇيالماسلىقى ۋە ئۇنىڭغا ئىنكاس قايتۇرالماسلىقىنى مۇقەررەرلەشتۈرگەنىدى. ھالبۇكى، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بۇ مۇۋەپپەقىيەت، بۇ ئەسىرنىڭ بېشىدىكى ئامېرىكا ـ خىتاي مۇناسىۋىتىدىكى ئالاھىدە داۋالغۇشلۇق مەزگىلدە روياپقا چىققانىدى.

جورج w بۇش ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپ بىر نەچچە ئايدىن كېيىن چوڭ بىر دىپلوماتىك ۋەقە يۈز بەردى. 2001 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، (خىتاي ھاۋا ئارمىيەسىدىكى) لېيتېنانت ۋاڭ ۋېي جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىنى چارلاش ئۈچۈن خەينەندىكى بازىدىن يولغا چىقتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سۇيۇر (سۇيۇر ــ كۆرۈنۈشى بېلىققا ئوخشايدىغان ھەم ئۆز ھەرىكىتىدە ھاۋانىڭ قارشىلىقىغا ئاز ئۇچرايدىغان، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، ت) شەكىللىك ئايروپىلانىنى ھەيدەپ ماڭغان ۋاڭ ۋېي ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئامېرىكانىڭ 3 ـ EP رازۋېدكا ئايروپىلانىنى توردى. بۇ دېلفىنسىمان كېلەڭسىز ئايروپىلان بولۇپ، ئېلېكترونلۇق سىگنال قوبۇللايدىغان قوشۇمچە ئەشيالار بىلەن لىق تولغانىدى.

بۇ قارام خىتاي ئۇچقۇچى «Top Gun» دېگەن فىلىمنى كۆپ كۆرۈۋەتكەنمۇ قانداق، ئىلگىرى ئامېرىكا ئايروپىلانلىرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغاندىمۇ، ئامېرىكا ئايروپىلانلىرىغا ئۈچ مېترلا ئارىلىق قالغۇدەك دەرىجىدە يېقىنلاشقان؛ ئامېرىكالىق ئۇچقۇچىلارغا (مەسخىرە سۈپىتىدە) سالام قىلغان، ئۇلارغا ئوتتۇرا بارمىقىنى چىقارغان، ھەتتا ئامېرىكالىق ئۇچقۇچىلارنىڭ ئۆزى بىلەن ئالاقىلىششىنى «قولايلاشتۇرۇش» ئۈچۈن، ئېلخەت ئادرېسى يېزىلغان بىر پارچە قەغەزنى ئۇلارغا كۆرسەتكەنىدى. (1)

بۇ قېتىم ۋاڭ ۋېي ئامېرىكا ئايروپىلانىغا بەكلا يېقىن كېلىۋالغانىدى. ئۇ ئۆز ئايروپىلانىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە خاتا ھۆكۈم قىلىپ، 3 ـ EP ئايروپىلانىنىڭ پىرقىرىغۇچىدىن بىرىگە سوقۇلدى ـ دە، بۇ ھاماقەت ھەرىكەت سەۋەبلىك، ئۇنىڭ ئايروپىلانى ئىككى پارچىگە بۆلۈنۈپ كەتتى ۋە ئۇ پاراشوت بىلەن سەكرەشكە مەجبۇر بولدى. ئەمما، ئۇ ئوكيانغا شۇڭغۇغان پېتى قايتا كۆرۈنمىدى. ئامېرىكا ئايروپىلانىدىكى 24 نەپەر خادىم بولسا (خىتاي ئايروپىلانىنىڭ سوقۇلۇشى سەۋەبلىك) ئايروپىلانىنىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا دومىلاپ كېتىشتى.

ئامېرىكا ئۇچقۇچىلىرى زەخمىگە ئۇچرىغان ئايروپىلاننى قايتىدىن كونترول قىلدى. بۇ خىل ئەھۋالدا، دېڭىزغا جىددىي قونۇش ئەڭ ئاسان تاللاشتەك قىلاتتى، ئەمما بۇ ئايروپىلان بەكلا ئېغىر بولغاچقا، بۇنداق قىلىش خەتەرلىك ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئۆزىگە ئەڭ يېقىن جايغا، يەنى خىتاي زېمىنىغا قاراپ ئۇچتى. ئامېرىكالىق ئايروپىلان خادىملىرى خاتىرە كومپيۇتېر، ھۆججەت، كاسسېتىلىق ماگنىتلىق لېنتا ھەمدە شىفىرلانغان ئۇچۇرلارنى ئەۋەتىش ۋە قوبۇللاشتا ئىشلىتىلىدىغان شىفىرلىق ئاچقۇچلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن سەزگۈر ئۈسكۈنىلەر ۋە شۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى مەخپىي ئۇچۇرلارنى (خىتاينىڭ قولىغا چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن) تېز سۈرئەتتە ۋەيران قىلىشقا ئۇرۇندى. ھالبۇكى، ئۇلار بۇ خىل ۋەزىپە ئۈچۈن مەشقلەندۈرۈلمىگەن بولغاچقا، خەينەنگە جىددىي قونغاندا، خىتاي ئىستىخبارات تەھلىلچىلىرى تەرىپىدىن ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىنىشنى كۈتىۋاتقان بىر تۈركۈم مەخپىيەتلىكلەر يەنىلا ۋەيران قىلىنىشقا ئۈلگۈرمىگەنىدى. (2)

ئامېرىكا خىزمەتچىلىرىنىڭ ئالدىغا قۇتقۇزۇش خادىملىرىغا ئەمەس، بەلكى تۈرمە قاراۋۇللىرىغا ئوخشايدىغان سۆرۈن تەلەت خىتاي ئەسكەرلىرى چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن، خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى نەچچە يۈز قېتىم ئىزدەش-قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا ۋاڭ ۋېينىڭ جەسىتىنى تاپالمىدى. كېيىن، بۇ تەلۋە ئۇچقۇچى ناھايىتى تېزلا پارتىيە دائىرىلىرى تەرىپىدىن ئەپسانىلەشتۈرۈلدى، يىگىرمە تۆت نەپەر ئامېرىكالىق خادىم بىر نەچچە كۈنلۈك سوراقتىن كېيىن قويۇپ بېرىلدى.

كىچىك بۇش تۇنجى نۆۋەتلىك پرېزىدېنتلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ بىر نەچچە ئاي بولار-بولماستىن، ئىككى دۆلەت مۇشۇنداق يېقىمسىز توقۇنۇشقا دۇچ كەلدى. بۇ يېڭى نۆۋەتلىك ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ تۇنجى قېتىم چوڭ تاشقى سىياسەت كرىزىسىغا دۇچ كېلىشى ئىدى. تېخى تولۇق شەكىللىنىپ بولالمىغان ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى خەتەر ئىچىدە قالغان بۇ پەيتتە، ھەر ئىككى تەرەپ ناھايىتى قاتتىق تۇتۇم ئىزھار قىلىشتى. ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى دونالد رامسفېلد خىتاي بىلەن بولغان بارلىق ھەربىي ئالاقىنى توختىتىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى-دە، ئامېرىكا بىلەن خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ نورماللىششىغا بىر نەچچە يىل ۋاقىت كەتتى. (3)

بۇ چاغدا، خىتاينىڭ دىپلوماتىك سىياسەت ۋە بىخەتەرلىك ساھەسىدىكى خادىملار چوقۇم شۇنىڭدىن ئىلگىرى ئون يىلدىكى كلىنتون ھۆكۈمىتىنى سېغىنغان بولۇشى مۇمكىن. ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە جىددىي زىددىيەت بار بولسىمۇ، ئەمما ئالدىنقى ھۆكۈمەت (يەنى كلىنتون ھۆكۈمىتى) «خىتاي بىلەن بولغان باردى-كەلدىنىڭ باشقا جەھەتلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش» نامىدا (كىشىلىك ھوقۇق قاتارلىق مەسىلىلەردە) خىتايغا يول قويۇشنى خالايدىغانلىقىنى ئىزھار قىلغانىدى. كلىنتون ھۆكۈمىتى ئامېرىكا پارلامېنتىنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ سىياسىي ۋە دىنىي ئەركىنلىكنى باستۇرۇشنى چەكلەش ۋە جازالاش ئىستىكىنى توختىتىشقا كۈچىگەنىدى. خىتاينىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ

تەبىرىدىكى «كىچىك بۇش» ھۆكۈمىتى دەسلەپتە خىتايغا قاتتىق تۇتۇم ئىزھار قىلغان ۋە كىلىنتوننىڭ بۇنداق قىلمىغانلىقىنى (يەنى خىتايغا يۇمشاق تۇتۇمدا بولغانلىقىنى) تەنقىد قىلغانىدى. 2000 ـ يىلىدىكى پرىزىدېنتلىق سايلىمىدىن ئىلگىرى، كىلىنتوننىڭ خىتاينى «ئىستراتېگىيەلىك شېرىك» دەپ قارىغىنىنىڭ ئەكسىچە، بۇش ئۇنى «ئىستراتېگىيەلىك رىقابەتچى» دەپ سۈپەتلىدى. بۇشنىڭ بولغۇسى دۆلەت بىخەتەرلىكى مەسلىھەتچىسى كوندولىزا رايىس (Condoleezza Rice) بولسا «ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خىتايدىكى <ئىچكى ئۆزگىرىش>كە تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، خىتاي ئىقتىسادىنى ئېچىشقا تىرىشىشى كېرەك» دەپ قارايتتى. بۇش ھۆكۈمىتىگە كۆرە، ئىقتىسادنى ئەركىنلەشتۈرۈش خىتاينىڭ ئىچكى قىسمىدا «سىياسىي لىبېراللىششىش جەھەتتىكى سىجىل ۋە تەشكىللىك بېسىم» ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن بولغاچقا، ئامېرىكا «خىتاي كومپارتىيەسىدىكى ئىسلاھاتچىلارنىڭ كۈچىنى زورايتىشى» كېرەك ئىدى. (4) بۇنداق گەپ ـ سۆزلەرنىڭ بېيجىڭدا قانداق ئىنكاس قوزغىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ. (يەنى كونكرېت قانداق ئىنكاس قوزغىغانلىقىنى ئېنىق بىلىش مۇمكىن ئەمەس، ت)

ئاندىن 11 ـ سېنتەبىردىكى تېرورلۇق ھۇجۇمى يۈز بەردى. ئامېرىكانىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ ئاپەت خىتاي ئۈچۈن يېڭى پۇرسەتتىن دېرەك بېرەتتى. خىتاي كومپارتىيەسى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بىخەتەرلىكنى مەركەز قىلغان يېڭى ھۆكۈمەتتە ئۆزىگە دوست تېپىشقا ئۇرۇندى. مەسىلەن، جياڭ زېمىن شۇ كۈنىلا پرىزىدېنت بۇشقا تېلېفون قىلىپ ھال سورىدى. خىتاي ئۆزىنىڭ تېخىمۇ چوڭ ئىستراتېگىيەلىك نىشانغا يېتىش ئۈچۈن قولايلىق ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىدىغان «بىرلىكسەپ» ئەنئەنىسىگە ئاساسەن، ئامېرىكا رەھبەرلىكىدىكى ئاتالمىش «تېرورلۇققا قارشى ئۇرۇش»نى قوللايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. خىتاي ئامېرىكانىڭ كۈنتەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرمايلا قالماستىن، ب د ت نىڭ تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش قارارىنى قوللىدى. شۇنداقلا، ئۇ يەنە ئافغانىستانغا قارشى ئۇرۇشتا پاكىستاننى ئۆزى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇشقا كۆندۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. (5) ئالاھەزەل شۇ مەزگىللەردە، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ئۆزىنىڭ «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىدارىسى»نى قۇردى ۋە بۇ ئىدارە باشقا دۈشمەن ئىستىخبارات ئورگانلىرى بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىدىغان يادرولۇق سورۇنغا ئايلاندى. (6)

ئامېرىكامۇ بۇنىڭغا جاۋابەن «ئەلقائىدە» بىلەن ئىتتىپاقداش بولغان «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتى»نى تېرورلۇق تەشكىلاتى دەپ تونۇدى. بۇ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش ئەنئەنىۋى مۇسۇلمان مىللەتلەرگە زەربە بېرىشنى يوللۇقلاشتۇرۇشتىكى ياخشى باھانىسى ئىدى، شۇنداقلا بۇ شى جىنپىڭنىڭ ھاكىمىيىتى مەزگىلىدە مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قايتا تەربىيەلەش ۋە جازا لاگېرلىرىغا قامىلىشىغا يول ئاچتى.

ئەمما، ئاساسلىقى ئافغانىستان ۋە سۈرىيەدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان بۇ تەشكىلاتنىڭ خىتايغا ھۇجۇم قىلغانلىقىغا ئائىت پاكىتلار يوقنىڭ ئورنىدا. جورج ۋاشىڭتون ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى شان روبېرتس (ئۇنىڭ «ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش» دېگەن نادىر ئەسىرى «ئۇيغۇر پروجېكت فوندى» تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىغا

تەرجىمە قىلىنىپ، ژۇرنىلىمىزدا ئۇلاپ تارقىتىلدى، ت) خىتايدا ھۇجۇم قوزغىغۇدەك ئىقتىدارغا ئىگە «ئۇيغۇر تېرورلۇق تەشكىلاتلىرى»نىڭ مەۋجۇتلۇقىغا بولغان گۇمانلىرىنى دەلىل بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدى. (7) شۇنداقتىمۇ، مۇكاپاتلىق ئوۋچىلار (bounty hunter ـــ مۇئەييەن مۇكاپات ئۈچۈن قاچقۇنلارنى ياكى جىنايەتچىلەرنى تۇتىدىغان شەخسىي خادىملارنى كۆرسىتىدۇ، ت) پاكىستاندىكى يىگىرمە نەچچە ئۇيغۇرنى تۇتۇپ، ھەر بىرىنى بەش مىڭ دوللار باھادا ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە سېتىۋەتكەن ۋە بۇ ئۇيغۇرلار گۇەنتانامو قولتۇقىدىكى تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىغا قامالغان. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كېيىنچە «تېرورلۇق جىنايىتى» توغرىسىدىكى ئەيىبلەشلەردىن قۇتۇلغان ۋە ئۇزۇن يىللىق يالغۇز سولاپ قويۇلۇش قىسمىتىدىن كېيىن قويۇپ بېرىلگەن. (8)

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكانىڭ دىققىتى شىمالىي ئاسىيادىن بۇرۇلۇپ كەتتى ۋە بۇ ھالەت ئۇن يىل داۋاملاشتى. خىتاينىڭ ئىستراتېگىيەچىلىرى ۋە ئىستىخبارات تەھلىلچىلىرى «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىنكى دۇنيانىڭ ئۆز دۆلىتى ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىۋاتقاندا، «تېرورلۇققا قارشى يەرشارىۋى ئۇرۇش» ھەر ئىككى تەرەپ ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان تېما سۈپىتىدە، ئامېرىكا ـ خىتاي مۇناسىۋىتىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. خىتاي بىخەتەرلىك خادىملىرى ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ ئافغانىستان ۋە ئىراقتىكى كىشىنى چۆچۈتىدىغان مەۋجۇتلۇقىنى ئەنسىزلىك ئىلكىدە كۆزىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، چوقۇم يۈرىكى ئازراق ئىزىغا چۈشكەن بولۇشى مۇمكىن. پرېزىدېنت بۇش يېڭىدىن ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندا، ئامېرىكا مەركىزىي ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جورج تېنېت (George Tenet) ئۇنىڭغا «تېرورلۇق، قورال ـ ياراغلارنىڭ تارىلىشى ۋە خىتاي»نىڭ ئامېرىكا دۇچ كېلىۋاتقان ئۈچ چوڭ تەھدىت ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدى، ئەمما ئەمدىلىكتە خىتاي بۇ تىزىملىكتىن تەلتۆكۈس غايىب بولدى. (9) خىتاي يەنىلا تاشقى سىياسەت كۈنتەرتىپىدىكى مۇھىم ئامىل بولسىمۇ، ئەمما ئەمدى ئۇنىڭغا تەھدىت سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىشقا يول قالمىغاندەك قىلاتتى. مەيلى تېرورلۇق ياكى شىمالىي كورېيە مەسىلىسىدە بولسۇن، ھەمكارلىق ئويۇننىڭ باش تېمىسىغا ئايلانغانىدى.

بۇ جەھەتتە بىلىش بىر تەرەپلىمىكى (Cognitive bias) رول ئويناۋاتاتتى. كىشىلەر تېرورلۇقنىڭ زىلزىلىسى ۋە ۋەھىمىسىدە قالغان بولغاچقا، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ كۈنسېرى زورىيىۋاتقان كۈچى، ئىزچىل ئېغىرلىشىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ۋە مۇستەبىتلىككە قارىتا بارغانسېرى بىخۇدلىشىپ كەتكەنىدى. دىققەتنى خىتاي ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىغا ۋە خىتاي جەمئىيىتىنىڭ لىبېراللىشىشىغا مەركەزلەشتۈرۈش تېخىمۇ ئاسان ئىدى. خىتايشۇناس دېيۋىد لەمپتوننىڭ (David Lampton) يازغىنىدەك: «ئامېرىكانىڭ مۇھىم كۈنتەرتىپلىرى ۋە تەھدىت تونۇشى ئۆزگەردى. باشقا جەھەتلەردىكى خەۋپنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، خىتايدىن كېلىدىغان خىرىسقا بولغان سېزىم سۇسلىدى.» (10) بۇ خىل بۇرۇلۇش ھەم ئاۋام ئارىسىدا، ھەم ھۆكۈمەتتە تەڭ يۈز بېرىۋاتاتتى: «پيۇ تەتقىقات مەركىزى»نىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئايان بولۇشىچە، «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا، «يەر شارىۋى كۈچلۈك دۆلەت سۈپىتىدىكى خىتاينى يېقىندىن كۆزىتىش»تىن تەشۋىشلىنىۋاتقان ئامېرىكالىقلارنىڭ نىسبىتى 13 پىرسەنت

تۆۋەنلىگەن. «ختاي ئامېرىكانىڭ تاشقى سىياستىدىكى ئالدىنقى كۆنتەرتىپ قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشى كېرەك» دېگۈچىلەر ئاز سانلىقلار بولۇپ قالغان بولۇپ، بۇ خىل كۆز قاراشتىكىلەرنىڭ نىسبىتى شىمالىي كورېيەنىڭ ملىتارىزىمىدىن ئەنسىرەيدىغانلارنىڭكىدىن 12 پىرسەنت ئاز بولغان. (11)

## قورال ۋە تەسىر

جېك بىجيەن ۋە ئۇنىڭ ختاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىدىكى خىزمەتداشلىرى چوقۇم پۇرسەتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن. بۇ ئامېرىكانىڭ تاشقى سىياستى ۋە يېڭى بۇش ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى دۇنيانى چۈشىنىشى ئۈچۈن كرىزىس ۋە بۇرۇلۇش نۇقتىسى ئىدى. بۇنىڭدىن سىرت، رايىس يەنە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ قوللاشقا ئەرزىيدىغان ختاي ئىسلاھاتچىلىرىنى ئىزدەۋاتقانلىقىدىن شەپە بەرگەنىدى. ھالبۇكى، (ئىلگىرىمۇ كۆرستىپ ئۆتكىنىمىزدەك) ختاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ئۆزىنىڭ خادىملىرى ۋە ۋاكالەتچىلىرىنى ئىسلاھاتچى قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇستا ئىدى. ئەگەر ختاي كومپارتىيەسى مۇۋاپىق تاكتىكا قوللانسا، داۋاملىق «كۆچىنى يوشۇرۇپ، پۇرسەت كۈتۈش» ئۈچۈن نەچچە يىل، ھەتتا نەچچە ئون يىل ۋاقىت بار ئىدى. ئەلۋەتتە، «ختاي ئىسلاھات مۇنبىرى» نەچچە يىلدىن بۇيان ئىزچىل ئامېرىكا سىياستى ئۇستىدە ئىزدەنگەن ھەمدە بۇ جەھەتتە دىپلومات ۋە ئاخباراتچى سۈپىتىدە ۋاشىڭتون ۋە نيۇيوركتا تۇرۇۋاتقان نۇرغۇن ئىستىخبارات خادىملىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەنىدى. بۇش ھۆكۈمىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، بۇ مۇنبەر سىياسىي باغلىنىشقا ئىگە ئامېرىكالىق ختايشۇناسلارنى بېيجىڭغا ئاپىرىپ، ئۇلاردىن «كىمنىڭ ئۆسۈشىدىن ئۈمىد بار؟ كىم ختاينى ياقتۇرىدۇ؟» دېگەندەك ۋاشىڭتوندىكى مەخپىيەتلىكلەر ھەققىدە گەپ ئالدى. ختاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ئاستا ـ ئاستا، ئەمما قەتئىي رەۋىشتە ئاقسارايغا يېقىنلىشىۋاتاتتى.

2002 ـ يىلى تاۋۇز چاغىنى مەزگىلىدە، «ختاي ئىسلاھات مۇنبىرى» بىر نەپەر كونا ئالاقىچىسىنى بېيجىڭغا ئەكەلدى. ئەمما، بۇ قېتىملىق ئۇچرىشىش ختاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ نىقاب تەشكىلاتلىرىنىڭ ـــ شۇ يىللا ئەللىك قېتىمدىن ئارتۇق زىيارەت ۋە پائالىيەت خاتىرىلەنگەن ـــ تەپسىلىي خاتىرىلىرىدە يوق ئىدى. چۈنكى، بۇ قېتىملىق ئۇچرىشىش تولىمۇ سەزگۈر ئىدى: يىغىنغا ئالاقىدار بىردىنبىر خاتىرىدە بۇ كىشى ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسى كوندولىزا رايىسنىڭ «ئۇستازى» دەپ تەسۋىرلەنگەنىدى. بۇ ھازىر يەتمىش ياشقا كىرىپ قالغان ئۇ كىشى نەچچە ئون يىل جەريانىدا ختايغا قىلغان ئون نەچچە قېتىملىق سەپەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ئىدى. رايىسنىڭ بۇ ئۇستازى يەنە ختاي كومپارتىيەسىنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق ھەربىي رەھبەرلىرىدىن بىرى، يادرو قورالرلىرى پىلانىنىڭ قوماندانى مارشال نېي روڭجېننىڭ (聂荣臻) «كونا دوستى» ئىدى. (12)

دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى بىر ژۇرنالدا كېيىنچە «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ شۇ قېتىملىق ھەرىكىتى ھەققىدە مۇنداق دېيىلدى: «ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئۇنىڭدىن ئەھۋال ئىگىلەش ۋە ئۇنى بۇشنىڭ رەھبەرلىك كوللېكتىپىدىكىلەرگە خىتاي ھەققىدە مەلۇمات بېرىشكە ئىلھاملاندۇرۇش ئىدى.» ئەقىلگە ئۇيغۇن ھالدا، بۇ يېپىق سۆھبەتلەر توغرىسىدا باشقا ھېچقانداق مەلۇماتلار ئاشكارىلانمىغان. بۇ بوۋاي رايىسقا سوۋغا قىلىنغان بىر قۇتا ئاي توقاچ (تاۋۇز چاغىنىدا يېيىلىدىغان پېچىنە) ۋە بىر دانە خىتايچە ھۆسنخەتنى ئېلىپ ئامېرىكاغا قايتقان.

شۇ قېتىملىق ئۇچرىشىش ھەققىدىكى ئۇچۇرلاردىن قارىغاندا، بۇ يەردە گېپى بولۇنغان «بوۋاي» ئېنىقلا ستەنفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى خىتاينىڭ يادرو قوراللىرىغا ئالاقىدار مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان جون لېۋىس (John W. Lewis) بولۇپ، ئۇ خىتاي بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشنى (engagement — ئامېرىكانىڭ خىتايغا قاراتقان دىپلوماتىيە سىياستى بولۇپ، سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي، ئىلمىي، تىجارەت، تاشقى ياردەم قاتارلىق ساھەلەردە خىتاي بىلەن تىركەشمەستىن، پائال باردى ـ كەلدى قىلىش سىياستىنى كۆرسىتىدۇ. مەزكۇر سىياسەت نىكسون دەۋرىدىن تارتىپ، تاكى دونالد ترامپ دەۋرىگىچە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەندى، ت) قاتتىق تەرغىب قىلغۇچىلاردىن ئىدى. گەرچە رايىس سوۋېت ئىتتىپاقى مەسىلىلىرى مۇتەخەسسىسى بولسىمۇ، ئەمما لېۋىس رايىس دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئالغاندىن كېيىن خىزمەت قىلغان ستەنفورد مەركىزىنىڭ مۇدىرى ئىدى. رايىس ستەنفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى چاغلىرى توغرىسىدا «مېنىڭ تولىمۇ قالتىس ئۇستازلىرىم بار ئىدى» دېگەن بولۇپ، شۇلاردىن بىرى لېۋىس ئىدى، ئەلۋەتتە. (13) ئۇنىڭ ستەنفوردتىكى كەچمىشى، مەكتەپ تارىخىدىكى ئەڭ ياش ئىلمىي مۇدىرغا (provost) ئايلانغانلىقى، ئۇنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ ھوقۇقلۇق خىزمەتلەردىن بىرىگە ئېرىشىش سەپىرىدىكى مۇھىم بىر قەدەم ئىدى.

لېۋىسنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ھەربىي ۋە بىخەتەرلىك ئاپپاراتلىرى بىلەن بولغان غەلىتە باردى ـ كەلدىلىرىنىڭ تارىخىنى 1990 ـ يىللارغىچە سۈرۈشكە بولىدىغان بولۇپ، بۇ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ شۇنىڭدىن ئون يىل كېيىنكى خىزمىتىگە ئاساس سالغانىدى. خىتاينىڭ سابىق ھەربىي ئىنژېنېرى خۇا دى (Hua Di) ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن ھەمكارلاشقۇچىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ لېۋىسنىڭ خىتايدىكى ئېچكى خادىملار بىلەن بولغان «كەڭ كۆلەملىك زىيارەت»لەرگە ئاساسەن، خىتاينىڭ باللىستىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا پروگراممىسى ھەققىدىكى تەپسىلىي ۋە تەسىردار تارىخىي ئەسەرنى يېزىشىغا ياردەم بەرگەنىدى. (14) لېۋىس خۇا دىنىڭ ئەمەلىيەتتە «خىتاينىڭ ئەڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەر تەرىپىدىن مېنى ئىستراتېگىيەلىك قورال پروگراممىسى توغرىسىدىكى تارىخى ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەشكە ھوقۇق بېرىلگەن ئۈچ شەخسنىڭ بىرى» ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. خىتاينىڭ ھەربىي رەھبەرلىرى غەربنىڭ ئۆزىنىڭ ئىقتىدارى ۋە ئىستراتېگىيەسىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. چۈنكى، بۇ غەربنىڭ خىتاينىڭ نىسبەتەن كىچىك ئىستراتېگىيەلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا پىلانىغا ھەددىدىن زىيادە ئىنكاس قايتۇرۇش خەۋپىنى تۆۋەنلىتەتتى. (15) 1993 ـ يىلى، لېۋىس بىلەن خۇا دى يەنە خىتاي خەلق ئازادلىق

ئارمىيەسىنىڭ ئامېرىكانىڭ ئىلغار كەڭ بەلباغ ئۈسكۈنىلىرىگە ئېرىشىشىگە شارائىت هازىرلىغانلىقى سەۋەبلىك تالاش ـ تارتىش قوزغىغان كېلىشىمنى روياپقا چىقاردى.

## پايتەختلەر ئارىسىدا

خۇا دى 1998 ـ يىلى ئويلىمىغان يەردىن خىتايدا «دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلاش» جىنايىتى بىلەن قولغا ئېلىنغاندا، بىر قاتار ۋەقەلەر خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى بىلەن لېۋىس ئوتتۇرىسىدا غەلىتە باغلىنىش شەكىللەندۈردى. چۈنكى، خۇا دى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىدىن ئۆزىنىڭ خىتايدىكى بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى تەلەپ قىلغانىدى. دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلىغانلارنى جازالاشقا مەسئۇل ئىستىخبارات ئورگىنى ۋە قانۇن ئىجرائاتى ئاپپاراتى بولغان خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ئەسلىدە خۇا دىنى قويۇپ بېرەلەيتتى. لېۋىس خۇا دى قولغا ئېلىنغان يىلى چارە تېپىش ئۈچۈن، خىتايغا ئالتە قېتىم باردى. ھەتتا، بىر مەھەل خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ئۇنىڭ خىتايدىكى رەسمىي ئالاقىچىلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. (16)

توغرا ـ خاتالىقىدىن قەتئىينەزەر، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ئۆزىنىڭ لېۋىس بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئاقسىراي بىلەن، جۈملىدىن لېۋىسنىڭ سابىق شاگىرتى رايىس بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ، دەپ قارىغانىدى. خەينەندىكى ئايروپىلان ۋەقەسىدىن كېيىن، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ ئاقسارايدىكى ھەقەمسايىلىرى تولىمۇ ئازلاپ كەتكەنىدى. بولۇپمۇ خىتاينىڭ ھەربىي ئىستىخبارات تارماقلىرىنىڭ يېڭى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ كۆپ قىسمى ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. بۇ (يەنى لېۋىس بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىن پايدىلىنىپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش) خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەت ئىدى.

گەرچە رايىس خىتاي توغرىسىدا ئىنتايىن قاتتىق سۆزلەرنى قىلغان بولسىمۇ، ئەمما «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ ئەينى چاغدىكى مۇئاۋىن مۇدىرى لى جۈنرۇ (Li Junru) «كوندولىزا رايىس يەنىلا بىز ئالاقە ئورنىتىشقا تېگىشلىك ئاز ساندىكى بىر قانچە كىشىدىن بىرىدۇر» دېگەن. (17) جېڭ بىجيەننىڭ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ سىياسىي تەسىر كۆرسىتىش مۇتەخەسسىسلىرىنى باشلاپ ۋاشىڭتونغا «يۇرۇش قىلىش» سىنارىيەسى ئالىلقاچان بېكىتىلىپ بولغانىدى.

ۋاشىنگتونىدىكى تەسىردار ئىككى ئاقىللار ئامبىرىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئالاقە تورى ئارقىلىق ئامېرىكادىكى مۇھىم تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەر بىلەن كۆرۈشۈشلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا باشلىدى. جېڭ بىجيەننىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ باش سېكرېتارى خۇ جىنتاۋ تەشكىللىگەن يېڭى «ئامېرىكا ـ خىتاي مۇناسىۋەتلىرى خىزمەت گۇرۇپپىسى»نىڭ مەسئۇلى دەپ ئېتىراپ قىلىنىشى بۇ ۋەزىپىنى تېخىمۇ ئاسانلاشتۇردى. ئېنىقكى، بۇ گۇرۇپپىنىڭ يادروسى دىپلوماتلاردىن ئەمەس، بەلكى تاشقى تەشۋىقات خادىمى جاۋ چىجېڭغا (Zhao Qizheng) ئوخشاش مۇتەخەسسىس نەزەرىيەچىلەردىن ۋە نۇتۇق بېكىتكۈچىلەردىن (narrative crafter) تەركىب تاپقانىدى. (18) دېمەك، بۇ قارار چىقىرىش كومىتېتى ئەمەس، بەلكى تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكىتى ئىدى.

ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن، بۇ قارشى تەرەپنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باقىدىغان پۇرسەت ئىدى. 2002 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، جېڭ بىجيەننىڭ رەھبەرلىكىدىكى گۇرۇپپا ئامېرىكاغا كېلىشتىن ئۈچ كۈن بۇرۇن، ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى سىياسەت پىلانلاش ئورنىنىڭ مەسئۇلى رىچارد خاس (Richard Haass) سۆز قىلدى.

رىچارد خاس ئۆتكەن ئون يىلدىكى ــ ئۆزىنىڭ تەبىرى بويىچە يۆنىلىشسىز ۋە «بىر ئۆزۈلۈپ، بىر داۋام قىلغان» ــ مۇناسىۋەتنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش مەقسىتىدە، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى ئۈچۈن «سوغۇق ئۇرۇشتىن كېيىنكى» كۆنتەرتىپنى تۈزۈپ چىقماقچى بولغانىدى. شۇ قېتىمقى نۇتۇق ئەمەلىيەتتە ھەل قىلغۇچ ھۆججەت بولۇپ، ھازىر قارىماققا يىراق ئۆتمۈشتىكى ئامېرىكا ـ خىتاي مۇناسىۋىتىنىڭ تارىخىغا ئوخشايدۇ. بۇ يېڭى دەۋرنىڭ ئېنىقلىمىسى «تېخىمۇ بەك ھەمكارلىششچان ئامېرىكا ـ خىتاي مۇناسىۋىتى ئورنىتىش ئۈچۈن كونكرېت تەدبىر قوللىنىش» ئىدى. رىچارد خاسقا كۆرە، نوقۇل ھالدىكى «باردى ـ كەلدى قىلىش» كۇپايە قىلمايتتى، ئامېرىكانىڭ خىتاي توغرىسىدىكى يېڭى مۇددىئاسى مۇھىم ساھەلەردە كونكرېت ھەمكارلىق ئورنىتىش ئىدى.

ئورتاق دۈشمەندەك كۈچلۈك رىشتە ئاز تېپىلسا كېرەك. سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان دۈشمەنلىك 1970 ـ يىللاردا خىتاي بىلەن ئامېرىكانى ھەمكارلاشتۇرغانغا ئوخشاش، رىچارد خاس ئەمدىلىكتە «بىخەتەرلىك تەھدىتى» ئىككى دۆلەتنى يەنە بىر يەرگە ئەكېلەلەيدۇ، دەپ قارايتتى. رىچارد خاس «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىنكى تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەمكارلىقىنى ئىككى دۆلەتنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ئۈرنەك سۈپىتىدە تىلغا ئېلىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نى تېرورلۇق تەشكىلاتى قىلىپ بېكىتىش ئۈچۈن قانداق ھەمكارلاشقانلىقىنى تىلغا ئالدى.

ھالبۇكى، بۇش ھۆكۈمىتى يەنە خىتاينى ئامېرىكا رەھبەرلىكىدىكى خەلقئارالىق «ئورتاق مەنپەئەت ۋە قىممەت قاراش سىستېمىسى»غا سىڭىپ كىرەلەيدۇ ۋە سىڭىپ كىرىشى كېرەك، دەپ قارىدى. بۇ خىل تونۇشنىڭ ئارقىسىدىكى يادرولۇق، ئەمما تۇراقسىز تۆۋرۈك «ئىقتىسادىي گۈللىنىش مۇقەررەر ھالدا خىتاي پۇقرالىرىنىڭ سىياسىي سىستېمىغا تېخىمۇ كۆپ ئىشتىراك قىلىش ئىستىكىنى كۈرۈكلەيدۇ» دېگەن قاراش

ئىدى. رىچارد خاس خىتاينى سىياسىي جەھەتتە لىبېراللىشىش ۋە ئېچىلىشقا قاراپ ئىلگىرىلەشكە ئۈندىدى، ئەمما شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە يىلدا ئامېرىكانىڭ بۇ ھەقتە قارار چىقىرىش ھوقۇقىنى خىتاي كومپارتىيەسىگە تاپشۇرۇشقا مايىل ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. رىچارد خاس بولسا خىتاي بىلەن رىقابەتلىشىشكە قەتئىي قارشى ئىدى. (19)

## خىتاي سېھرىگەر

جېك بىجيەن ۋە ئۇنىڭ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىدىكى شېرىكلىرى شۇ يىلى 12 ـ ئايدا رىچارد خاسنىڭ تەكلىپىنى نەق مەيداندا تەتقىق قىلىدىغان تۈنجى يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكى سۈپىتىدە ئامېرىكاغا يېتىپ كەلدى. بۇ خىتاينىڭ دىققىتىنى بۇرايدىغان ۋە ئاجىزلاشتۇرىدىغان تاكتىكىمۇ ياكى خىتاي كومپارتىيەسى كىشىلىك ھوقۇق ۋە سىياسىي ئىسلاھات مەسىلىسىنى ئارقىغا سۈرەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكا بىلەن بولغان ھەمكارلىقنىڭ پايدىسىدىن بەھرىمەن بولالامدۇ؟ ئۆزىنىڭ تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ ۋە ئۆزگەرتىپ، پارتىيەنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان قائىدىگە خىلاپ قىلمىشلىرىغا ۋە كۈچىيىۋاتقان قارا نىيىتىنىڭ ئالامەتلىرىگە بولغان دىققەت ـ ئېتىبارنى بۇراشقا ئۇرۇنۇۋاتقان خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ئامېرىكادىكى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىش پۇرستى ئىدى.

ئۇلار «خىتاينىڭ تىنچ قەد كۆتۈرۈش نەزەرىيەسى»نى تۈزۈۋاتقاندا، ئۆز لىنىيەسىنى تەكشۈرۈش ۋە سىناش ئۈچۈن، بۇنىڭدىنمۇ بەكرەك دىققەت قوزغىيالايدىغان بىر ئۆمەك تەشكىللىيەلمەيتتى. خىتاي ۋەكىللەر ئۆمىكى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەزالىرى بىلەن، شۇنداقلا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى ۋە سودا مىنىستىرلىقىنىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشتى. پېنسىيەگە چىقىپ بولغىنىغا قارىماستىن، ھېلىھەم ئامېرىكانىڭ تاشقى سىياسەت مۇزاكىرىلىرىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان، ھېنرى كىسسىنگېر ۋە برېنت سكوۋكروفت (Brent Scowcroft) قاتارلىق ئالتە نەپەر ئەمەلدارمۇ ئۇنتۇپ قېلىنمىغانىدى. (20)

كوندولىزا رايىس ۋە بۇش ھۆكۈمىتىدىكى ئاقسارايىنىڭ باش كاتىپى (White House Chief of Staff) خىتاينىڭ كۈنتەرتىپىنىڭ مۇھىم قىسمى ئىدى. «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ ئۆمىكى بۇشنىڭ ياش دۆلەت بىخەتەرلىكى مەسلىھەتچىسى (يەنى كوندولىزا رايىس بىلەن) سۆھبەتلەشتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ دۆلەت سېكرېتارىدىن سىرت، بۇشنىڭ تاشقى سىياسەت جەھەتتىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەسلىھەتچىسى ئىدى. خىتاي تەرەپنىڭ تولىمۇ كۆرەڭ بايانىغا كۆرە، جېك بىجيەن بىلەن رايىسنىڭ سۆھبىتى نىسبەتەن سوغۇق تەرزدە باشلانغانىدى. ئەينى چاغدا جېك بىجيەن رايىسقا: «سىزنىڭ سالاھىيىتىڭىز ھازىرچە ئامېرىكانىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى مەسلىھەتچىسى بولۇشقا يەتمەيدۇ. سىز خىتاينى چۈشەنمەيسىز، چۈنكى

سىز ئەزەلدىن ختايغا بېرىپ باقمىغان» دېگەن. ئەمەلىيەتتە، رايىس ئىلگىرى ختايغا بېرىپ باققانىدى، ئەمما جېك بىجيەن بۇ نۇقتىنى تەكىتلەپ تۇرۇۋالغان. ئۇ رايىستىن ختاي كومپارتىيەسىنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە سوئال سورىغان ھەمدە رايىس بۇنىڭغا «ئۇچكە ۋەكىللىك قىلىش» ـــ بۇ جياڭ زېمىن شۇ چاغلاردا ئوتتۇرىغا قويغان، سودا ساھەسىنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەن سىياسەت ئىدى ـــ دەپ جاۋاب بەرگەندە، جېك بىجيەن كۈلۈپ كەتكەن.

جېك بىجيەن رايىسقا ئۈچ دانە سوۋغا تەقدىم قىلغان. بىرىنچىسى، «دېڭ شياۋپىڭ تاللانما ئەسەرلىرى»نىڭ 3 ـ تومى بولۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنى 1980 ـ يىللارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. (بۇ كىتابنى سوۋغا قىلىشتىكى مەقسەت، رايىسقا «بىزنىڭ ئىچكى ـ تاشقى سىياسەتلىرىمىز ھىيلە ـ مىكىر ئەمەس، ئەكسىچە ئۇلار ئوچۇق ـ ئاشكارىدۇر» دېگەن سىگنالنى بېرىش ئىدى) ئىككىنچىسى، ختاينىڭ ئاخىرقى پادىشاھى فۇ يىنىڭ ئەسلىمىسى بولۇپ، ئۇ ختاي كومپارتىيەسى تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلانغان ۋە قايتا تەربىيەلەنگەندىن كېيىن، باغۋەن سۈپىتىدە ئىشقا سېلىنغانىدى. (بۇ كىتابنى بېرىشتىكى مەقسەت، ختاينىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سىنىپىي كۈرەش ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك تارىخىنى نامايەن قىلىش ئىدى) ئاخىرىدا ئۇ ئوتتۇرلۇق پىئانىنوچى بولغان رايىسقا «خۇاڭخې پىئانىنو تەڭكەش مۇزىكىلىرى»دىن بىر نۇسخا بەرگەن ۋە بۇ نوتىنىڭ ئاللىقاندىداق شەكىلدە ختاينىڭ «ھاياتىي كۈچكە تولغان كۈلتۈرى ۋە چوڭقۇر تارىخى»نى نامايان قىلىشىنى ئۈمىد قىلغان. (21) بۇ ئەسەر مۇزىكا جەھەتتە غەرب رومانتىزىمىنىڭ ـــ چايكوۋسكىي، راچمانىنوف قاتارلىقلارنىڭ ـــ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، ختاينىڭ ئەنئەنىۋى تەسىرى يوقنىڭ ئورنىدا ئىدى. بۇ ئاخىرقى سوۋغات ئۇن ـ تىنسىز ھالدا ئۇلارنىڭ تەسىر كۆرسىتىش كۈنتەرتىپىنىڭ بىر تەرىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ غەربكە مۇنۇلارنى نامايەن قىلىشنى مەقسەت قىلغانىدى: «بىزنىڭ ئۆزىمىزنى ساپ ختاي قىلىپ كۆرسىتىشىمىزنىڭ پەردە ئارقىسى شۇكى، كومپارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ختاي زامانىۋىلىشىش ۋە لىبېرال دېموكراتىيەگە قاراپ ئىلگىرىلەش جەريانىدا، ياۋروپا ئەنئەنىسىنمۇ ئۆزىگە زور دەرىجىدە مۇجەسسەملىگەن.»

جېك بىجيەننىڭ بۇ قېتىملىق سەپەر ھەققىدىكى بايانلىرى ـــ بۇ بەلكىم ئۇنىڭ پارتىيە رەھبەرلىرىگە سۇنغان دوكلاتىنىڭ تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈلگەن نۇسخىسى بولۇشى مۇمكىن ـــ ئۇ ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لىن دى قاتارلىق ختاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ خادىملىرى تەھرىرلىگەن كىتابتا نەشر قىلىنغان. (22) جېك بىجيەن بۇ بايانلىرىدا ئامېرىكالىق سىياسەتچىلەرنىڭ دائىم ختاينىڭ ئامېرىكا بىلەن مۇقەررەر ھالدا توقۇنۇشۇپ قالىدىغان يولدا كېتىۋاتقانلىقى ھەمدە «ئۇنىڭ مۇقەررەر ھالدا ئامېرىكا ئۈچۈن بولغۇسى تەھدىتكە ئايلىنىدىغانلىقى» ھەققىدىكى ئەندىشىسىنى ئىپادىلىگەنلىكىنى تىلغا ئالغان. جېك بىجيەن ئۇلارنىڭ بۇ خىل تەشۋىشلىرىگە «ختاي <ختايچە سوتسىيالىزم>غا تايىنىپ، تىنچ ۋە يېپىيېڭى تەرەققىيات يولىدا ماڭىدۇ» دەپ رەددىيە بەرگەن. ئۇ يەنە ئۆزى پاراڭلاشقان ئامېرىكالىق سىياسەتچىلەرنىڭ ئىلگىرى بۇ پىكىر ھەققىدە ئويلىنىپ باقمىغانلىقىنى ۋە بۇنىڭ «ئىنتايىن چوڭقۇر» پىكىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەنلىكىنى تىلغا ئالغان. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئامېرىكانىڭ تاشقى سىياسەت ساھەسىدىكى

كىسسنگېر، برېژېنسكى ۋە سكوۋكروفت قاتارلىق كاتتىباشلارنىڭ بىردەك ھالدا ئۇنىڭ تەكلىپىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ۋە ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلغان. جېك بىجيەن بۇ پىكرنى تېخمۇ بەك ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، پەقەت تەتقىقات خىزمەتلىرىنى «تىنچ قەد كۆتۈرۈش»كە مەركەزلەشتۈرۈشنى ھەمدە بۇ پىكرنى خەلقئارالىق تاماشىبىنلارغا تەشۋىق قىلالايدىغان سۈپىغا ئېرىشىشنى تەلەپ قىلغان بولۇپ، «بوئاۋ ئاسىيا مۇنبىرى» دەل ئۇنىڭ بۇ تەلىپىگە ماس كېلەتتى. (23)

«تىنچ قەد كۆتۈرۈش» ئىدىيەسىنىڭ ئوخشىمىغان نۇسخىلىرى يىللاردىن بېرى ئىلىم ساھەسىدە تارقىلىپ يۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما جېك بىجيەننىڭ 2002-يىلى ئامېرىكىغا قىلغان سەپىرى ئۇنى بۇ ئىدىيەنى تەشەببۇس قىلىشقا ۋە چوڭقۇرلاپ ئىزاھلاشقا قايىل قىلغانىدى. جېك بىجيەننىڭ كېيىنكى يىلى «بوئاۋ ئاسىيا مۇنبىرى»دە قىلغان سۆزى ئۇنى ۋە ئۇنىڭ نەزەرىيەسىنى دۇنياغا تونۇتتى. ئۇ نەچچە ئون يىل يالالنما قەلەمكەشلىك قىلغاندىن كېيىن، ئەمدىلىكتە «مانا بۇ مېنىڭ» دېگۈدەك بىر ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ھالبۇكى، ئۇ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ بۇ ئۇقۇمدىن قانداق پايدىلىنىشىغا ئارىلىشالمايتتى.

خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ مەزكۇر تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكىتى غەرەزسىزلا ئامېرىكا تاشقى سىياسىتىنىڭ يادروسىغا سۆرەپ كىرىلدى. 2005-يىلى، ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن دۆلەت سېكرېتارى روبېرت زوئېلىك (Robert Zoellick) «ئامېرىكا-خىتاي مۇناسىۋىتى دۆلەتلىك كومىتېتى» دېگەن تەسىردار ئاممىۋى تەشكىلاتتا نۇتۇق سۆزلىگەندە، بۇش ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي سىياسىتىنىڭ يېڭى رامكىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ سۆزىنىڭ بېشىدىلا جېك بىجيەننى ماختىدى. روبېرت زوئېلىكنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئۇ «بېيجىڭ ۋە ۋاشىنگتوندا نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، جېك بىجيەن بىلەن خىتاينىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى ۋە خىتاي-ئامېرىكا مۇناسىۋىتى توغرىسىدا سۆھبەتلەشكەنىدى.» شۇنىڭدىن بىر ئاي ئىلگىرى، جېك بىجيەن ئامېرىكا «تاشقى ئىشلار» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىسىدە ئۆزىنىڭ «تىنچ قەد كۆتۈرۈش» نەزەرىيەسىنى قايتا تەكىتلىگەن بولۇپ، زوئېلىك بۇشنىڭ يېڭى سىياسىتىنى بۇنىڭغا قايتۇرۇلغان ئىنكاس سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغانىدى. (24)

زوئېلىك خىتاينىڭ تىنچ قەد كۆتۈرۈشنى شۇ ۋاقىتقىچە (يەنى 2005-يىلىغىچە) زور مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، دەپ قارايتتى. ئۇ بۇش ھۆكۈمىتىدىكى ئالىي دەرىجىلىك سودا ئەمەلدارى بولۇش سۈپىتى بىلەن تۆت يىللىق ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىنى ئەمدىلا تاماملىغان بولۇپ، خىتاينىڭ 2001-يىلى دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىشىنى نازارەت قىلىشقا مەسئۇل بولغانىدى. ئۇ ئامېرىكىنىڭ سىياسەتلىرىنىڭ نەتىجىسىدە «ئەجدىھانىڭ ئۆزىنى كۆرسەتكەنلىكى ۋە دۇنياغا قوشۇلغانلىقى»نى؛ مۇھىم خەلقئارالىق تەشكىلاتلارغا ۋە كېلىشىملەرگە ئەزا بولغان خىتاينىڭ ئەمدى «دۇنيا سەھنىسىدىكى ئىشتىراكچى»غا ئايلانغانلىقىنى بىلدۈردى.

جېك بىجىيەننىڭ نەزەرىيەسىنى قوبۇل قىلغان زوئېلىك «ھازىر خىتاي باشقا چوڭ دۆلەتلەر بىلەن تەڭ ئورۇنغا چىقتى. بىز ئەمدى خىتاينى خەلقئارا سىستېمىنىڭ مەسئۇلىيەتچان ئىشتىراكچىسى بولۇشقا ئىلھاملاندۇرۇشىمىز كېرەك» دەپ جاكارلىدى. بۇ خىل بۇرۇلۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئامېرىكا چوقۇم «خىتايغا پەقەت تەشۋىش نەزىرى بىلەن قارىغۇچىلار»نىڭ سادالىرىنى رەت قىلىپ، خىتاي ۋەدە قىلغان «پۇرسەت»نى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشى كېرەك ئىدى.

زوئېلىك (شۇ قېتىملىق سۆزىدە) ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى جىددىيلىكنىڭ مەنبەسىنىمۇ يوشۇرۇپ يۈرمىدى. ئۇ خىتاينىڭ ھەربىي كېڭەيمىچىلىكى، قورۇقچىلىق خاھىشى ۋە ئەقلىي مۈلۈك ئوغرىلىقىغا «يول قويغان»لىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالدى. ھالبۇكى، خىتاينى دۇنيا تەرتىپىگە تېخىمۇ چوڭقۇر سىڭدۈرۈش بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسىدەك، گويا ئامېرىكا خىتايغا پەقەت يورۇقلۇق ئاتا قىلسىلا بولىدىغاندەك قىلاتتى. گەرچە، ئۇشبۇ جىددىيلىك مەنبەلىرى شۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىلدا تېخىمۇ كۆچەيگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار كىلىمات ئۆزگىرىشى ۋە تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش قاتارلىق خەلقئارالىق مەسىلىلەردىكى ھەمكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە ئىزچىل تۈردە يوشۇرۇپ كېلىندى. بۇ نەچچە ئون يىللىق خىتاي سىياستىنىڭ خاتا بولۇپ قالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشتىن كۆپ ئاسان ئىدى.

بۇش ھۆكۈمىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى «خىتاينى ئىچىدىن ئۆزگەرتىش» ھەققىدىكى ئىشەنچكە تولغان بايانلىرى زوئېلىكنىڭ سۆزىدە تېخىمۇ ئېنىق گەۋدىلەندى. ئۇنىڭ سۆزىچە، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان خىتاي بىلەن ھەمكارلىشىش «ئەتىكى دېموكراتىك خىتاي»غا قاراپ تاشلانغان بىر قەدەم ئىدى. ئۇ «تىنچ قەدەم كۆتۈرۈش» ئۇقۇمىنىڭ بېيجىڭ ۋە ۋاشىنگتوندا داۋاملىق بەس-مۇنازىرە قىلىنىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى، ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ ئىستىخبارات مۈلۈكلىرىنى ۋە خادىملىرىنى ئەرۋاھسىمان «ئىسلاھاتچى گۇرۇھ»نىڭ ئەزاسى قىلىپ كۆرسەتكەن خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنى كۆچەيتىۋەتكەنىدى. زوئېلىك جېك بىجىيەن ۋە ئۇنىڭ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىدىكى يوشۇرۇن شېرىكلىرىنى خىتاينى لىبېرالىزمغا سىلجىتىدىغان كۈچلەرنىڭ ئۈلگىسى دەپ قارىغاندەك؛ ئەگەر ئۇلارنىڭ كۈچى زورايسىلا، (خىتاينى لىبېراللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت) بۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگەندەك قىلاتتى.

خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ نەيرىڭى تولىمۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا كارغا كەلدى. ئامېرىكانىڭ خىتاي سىياستىنىڭ باش لايىھەچىسى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ نىقاب تەشكىلاتى بولغان «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ تاللىدى ۋە ئۆزىمۇ بىلمەستىن ئۇلارنىڭ تەسىر كۆرستىش ھەرىكىتىنى قوللىدى. (25)

«خىتاينىڭ تىنچ قەد كۆتۈرۈشى»دىن ئىبارەت مۇجمەل ۋە چالىبۇلا مۇلاھىزە قىلىنغان بۇ ئۇقۇمنىڭ شۇ قەدەر زور گېئوپولىتىك دىققەت ـ ئېتىبارغا سازاۋەر بولغانلىقى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. سىرتقى كۆرۈنۈشتە، بۇلار قارىماققا ئاجىزلىقتەك قىلىسمۇ، ئەمما ئۇلار پەقەت ئۇنىڭ (يەنى «خىتاينىڭ تىنچ قەد كۆتۈرۈشى» سەپسەتىسىنىڭ) تەشۋىقات ھېكايىسى ۋە تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكىتى سۈپىتىدىكى ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ، ئۇنىڭ بۇگۈنكە قەدەر تارقىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

ۋەھالەنكى، جېڭ بىجيەننىڭ نەزەرىيەسىگە قارىتىلغان تەنقىدلەرنى ئەڭ ئاۋۋال باشقىلار ئەمەس، بەلكى خىتاي تەتقىقاتچىلار ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بېيجىڭدىكى «خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى»نىڭ ئىككى نەپەر پروفېسسورى بۇ ھەقتىكى ئاساسلىق تەنقىدلەرنى خۇلاسىلەپ چىققان بولۇپ، بۇ تەنقىدلەردە «تەيۋەن مەسىلىسى»نىڭ ۋە ئامېرىكانىڭ خىتايغا قاراتقان تۇتۇمىنىڭ «خىتاينىڭ تىنچ قەد كۆتۈرۈشى» ئۇقۇمىنى قانداق يوققا چىقىرىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. ئالدى بىلەن، خىتاينىڭ تەيۋەن سىياسىتىدە ـــ گەرچە بۇ يەردە مۇداپىئە ئاھاڭى قوللىنىلغان بولسىمۇ ـــ خىتاينىڭ تەيۋەننى قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرۇش ھوقۇقىنى ساقلاپ قالىدىغانلىقى رەسمىي جاكارلانغان بولۇپ، بۇ «مۇقەددەس ھوقۇق» تىنچ قەد كۆتۈرۈش ئۇقۇمىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىسا بولمايتتى. ئىككىنچىدىن، تەنقىدچىلەرنىڭ قارىشىچە، ئامېرىكا خىتاينىڭ تەرەققىياتىنى ـــ تىنچ ياكى ئەمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر ـــ چەكلەشكە تىرىشاتتى. ھەر ئىككى دۆلەتتىكى بەزى كىشىلەر مەلۇم شەكىلدىكى قارشىلىشىشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، دەپ قارىشاتتى. (26)

گەرچە خەلق ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى تەتقىقاتچىلار بۇ تەنقىدلەرگە رەددىيە بېرىشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، جېڭ بىجيەن ئاخىرىدا بۇ تەنقىدلەرنى ئۆز نەزەرىيەسىنىڭ كەلگۈسى تەسەۋۋۇرىغا كىرگۈزدى. (27) ئۇ بۇ ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بىر يىلدىن كېيىن، «بوئاۋ مۇنبىرى»دە يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنى چاقىرىپ، تەيۋەننى خىتاينىڭ تىنچ قەد كۆتۈرۈشىدىكى ئاساسلىق خىرسلارنىڭ بىرى دەپ كۆرسەتتى. جېڭ بىجيەن تىنچ قەد كۆتۈرۈش «ئۆز تەبىرىگە بىنائەن، تەيۋەن بىلەن خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ تىنچ بىرلىشىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. ئەمما، ئەگەر چەتئەل كۈچلىرى <تەيۋەن مۇستەقىللىقى>نى قوللاشقا پېتىنسا، قورال كۈچى ئىشلىتىش ھەرگىزمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىنمايدۇ» دېدى.

جېڭ بىجيەننىڭ رەددىيەسى ماھىيەتتە تەنقىدچىلەر كۆرسەتكەن زىتلىقلارنى ئۆز نەزەرىيەسىنىڭ ئەڭ چوڭ ئەۋزەللىكىگە ئايلاندۇرغانىدى. جېڭ بىجيەن خىتاينىڭ تىنچ قەد كۆتۈرۈشىنىڭ «ئەھۋالغا قاراپ ئۆزگىرىدىغان» ماھىيىتىنى تەكىتلەش ئارقىلىق، بۇ جىددىيلىكنى ھەل قىلىش يۈكىنى باشقا دۆلەتلەرگە، بولۇپمۇ ئامېرىكاغا يۈكلىدى. (28) بۇ تولىمۇ ھىيلىگەرلەرچە ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەلتۆكۈس ئۇقۇم

ئۆزگىرىشى بولۇپ، بۇ بىر مەھەل جېك بىجيەنگە يېتەكچىلىك قىلغان، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىگە مەسئۇل خۇ چياۋمۇنمۇ (胡乔木) پەخىرلەندۇرگەنىدى.

گولدمان ساكسىنىڭ سابىق ئورتاق رەئىسى، تەسىرى كۈچلۈك ئاقىللار ئامبىرى بولمىش «برۇكىڭس ئىنستىتۇتى»نىڭ مۇدىرىيەت رەئىسى جون ل.سورنتوننىڭ (John L. Thornton) ئېيتقىنىدەك، جېك بىجيەنىنىڭ ھەرىكىتى «دۇنيا ئەللىرىدىن خىتاينىڭ تىنىچ قەد كۆتۈرۈشىگە ئۇيغۇن خەلقئارالىق مۇھىت يارىتىشنى تەلەپ قىلدى.» (29) جېك بىجيەنگە كۆرە، خىتاي «دۇنيا بازىرىدىكى مەبلەغ، تېخنىكا ۋە بايلىق»قا ئېرىشىشكە موھتاج بولغاچقا، مەۋجۇت چوڭ دۆلەتلەر چوقۇم خىتاينىڭ دۇنيا ئىقتىسادىغا سىڭىپ كىرىشىنى قوللىشى كېرەك ئىدى. خىتاينىڭ قەد كۆتۈرۈشى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېخىمۇ كۈچلۈك «كۆلتۈرەل قوللاش»نى تەقەززا قىلاتتى ۋە بۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە دۇنيانىڭ تىنچلىقىغا باغلىق ئىدى. (30)

جېك بىجيەنىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ باققان بىر نەپەر ئامېرىكالىق خىتايشۇناسنىڭ ئەسلىشىچە، تىنچ قەد كۆتۈرۈش نەزەرىيەسى «ھەممىشە مەلۇم تەھدىت پۇرىقىغا ئىگە» بولۇپ، كىشىگە خۇددى «خىتاي تىنچ قەد كۆتۈرىدۇ، ئەمما ... بولۇپ قالسا ...» دېگەندەك تۇيغۇ بېرەتتى. (31)

مەزكۇر نەزەرىيەنىڭ خىرىس ۋە زىددىيەتلىرى ئەھۋالدىن چالىبۇلا ۋاقىپلانغان كۆزەتكۈچىلەرنىڭ مەسىلىنى خىلمۇخىل ئىزاھلىشىغا ۋە ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ خىتايدىن كۈتىدىغان (تولىسى ئاساسسىز) ئۈمىدلىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈشكە بوشلۇق ھازىرلاپ بەردى. بۇ خىل ئېلاستىكىلىق «تىنچ قەد كۆتۈرۈش»نىڭ ئاسانلا تەڭشىگىلى ۋە ئىزاھلىغىلى بولىدىغان، ئەمما خاتالىقىنى ئىسپاتلىغىلى بولمايدىغان (unfalsifiable)، كۆلتۈرەل تەقلىد ئېلېمېنتى (meme ــــ تەقلىد قىلىش ياكى باشقا غەيرىي ئىرسىي ۋاستىلەر ئارقىلىق بىر ئادەمدىن يەنە بىر ئادەمگە ئۆتىدىغان كۆلتۈرەل ئېلېمېنت ياكى قىلمىش سىستېمىسى ئېلېمېنتى، ت) سۈپىتىدە يېيىلىشىغا ئىمكانىيەت ياراتتى. يەنى بۇ ئۇقۇم ئۆزىگە خاس ھاياتىي كۈچكە ئېرىشىپ، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ دەسلەپكى قوللىشىدىن كېيىنمۇ، خېلى ئۇزۇن زامانغىچە داۋاملاشتى.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قىلمىشى ــــ ھەرقانچە مىلىتارىستىك، تاجاۋۇزچى، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ــــ «خىتاينىڭ تىنچ قەد كۆتۈرۈشى» نەزەرىيەسىنىڭ خاتالىقىنى ئىسپاتلىيالمايتتى. ئەكسىچە، ئۇ خىتاينىڭ شۇنچە ئېغىر بوزەك قىلىنغانلىقى ۋە خورلىنىشقا ئۇچرىغانلىقىنىڭ؛ ئىچكى ئىشلىرىغا خالىغانچە مۇداخىلە قىلىنغانلىقتىن، ئۆزىنىڭ تارىخى يولىدىن چەتنەپ كېتىشتىن باشقا ئامالى قالمىغانلىقىنىڭ ئىسپاتىغا ئايلىناتتى. يەنى خىتاي ئەمدى مۇستەقىل قىلمىش سۇبيېكتى ئەمەس، بەلكى دۇنيادىكى باشقا چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئوي ـ ئىستەكلىرىنىڭ شولىسىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. (يەنى خىتاي بۇ ئارقىلىق، «مېنىڭ قانداق يول تۇتۇشۇم ھەرقايسىڭىزغا باغلىق، ساڭا بېقىپ مەن!» دېگەن ئۇششۇق تۇتۇمنى ئوچۇق ـ ئاشكارا بازارغا سالغانىدى، ت)

جېك بىجيەنىنىڭ نەزەرىيەسىنىڭ قانداقتۇر ۋەدە ئەمەسلىكى ئېنىق ئىدى. ئۇ خىتاي تەشۋىقاتچىلىرىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان ھالدا، كەلگۈسى يۆنىلىش ھەققىدە ۋەدە بەرمىگەن،

ئەكسچە بىر رامكىنى ئۆتمۈشكە تەدبىقلىغانىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن تىنچ قەد كۆتۈرۈشنى «يېڭى يول» دەپ ئاتىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ختاينىڭ بۇ يولدا مېڭىۋاتقانلىقىغا ئاللىقاچان چارەك ئەسىر بولغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ جېڭ بىجيەننىڭ ختاينىڭ 1978 ـ يىلىدىن بۇيانقى دىپلوماتىيە سىياسىتىگە بولغان تەھلىلى ئىدى. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان نەزەرىيە ئۇنىڭ رەسمىي تارىخنى قايتا يېزىشتىكى چوڭقۇر تەجرىبىسىنى نامايەن قىلىپ تۇراتتى. ختايشۇناس روبېرت سۇيېتىنگېرنىڭ (Robert Suettinger) ئاگاھلاندۇرغىنىدەك، «تىنچ قەد كۆتۈرۈش ئۇقۇمى دەسلەپتە تەشۋىقات پائالىيىتى سۈپىتىدە باشلانغان بولۇپ، ئۇنى ختاينىڭ تاشقى سىياسىتى ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ، دەپ قارىۋالماسلىق لازىم.» (32)

جېڭ بىجيەننىڭ نەزەرىيەسى سىياسىي مەۋقەگە ئەمەس، بەلكى ختاينىڭ غەربكە قويغان مۇنۇ تەلەپلىرىگە ۋەكىللىك قىلاتتى: خۇيىمىزنى تۇتقۇزۇپ قويساڭلار، سىلەرگە خىرس قىلماي تۇرالمايمىز. نۆۋەتتە بىز ھېلىھەم تەرەققىي قىلىۋاتىمىز، ئەمما مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىز پات يېقىندا سىلەرنىڭكىگە يېتىدۇ ۋە ئېشىپ كېتىدۇ. تەيۋەندىن ۋاز كېچىپ، ئۇنىۋېرسال كىشىلىك ھوقۇقىنى ئۇنتۇپ كېتىڭلار، ئىگىلىك ھوقۇقىڭلاردىن ۋاز كېچىپ، ئىستراتېگىيەلىك كەسىپ ۋە تېخنىكىلىرىڭلارنى بىزنىڭ تىزگىنىمىزگە تاپشۇرۇڭلار، (يۇقىرىقىلارغا كاپالەتلىك قىلغىنىڭلاردىن كېيىن) ئەگەر خۇشلۇقىمىز تۇتۇپ قالسا، كېيىنكى ئەسىردە سىلەرگە بىر كىشىلىك ئورۇن بېرىشىمىز مۇمكىن.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

ئىنگىلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى



# قانداق قىلغاندا كەسىپتە روناق تاپقىلى بولىدۇ؟

مونىكا ۋېرمانى

# قانداق قىلغاندا كەسپتە روناق تاپقىلى بولىدۇ؟

مونىكا ۋېرمانى

**ئاچقۇچلۇق نۇقتىلار:**

بىر تۇرلۇك تەتقىقاتتا كۆرە، خىزمەتچىلەرنىڭ كەسىپسۆيەرلىكى 21 پىرسەنتكە چۈشۈپ قالغان بولۇپ، خىزمەتچىلەر دۇچ كەلگەن بېسىم تارىختىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەگە چىققان.

بەردەملىك خىزمەتچىلەرنىڭ بۈگۈنكى خىزمەت ئورنىدىكى ئېنىقسىزلىق، يەكلىنىش ۋە توختاۋسىز ئۆزگىرىشلەر قاينىمىدا روناق تېپىشىغا ياردەم بېرەلەيدۇ.

خەۋپكە تەۋەككۈل قىلىشنى رىغبەتلەندۈرىدىغان تەشكىلاتلارنىڭ خىزمەتچىلىرىدە پىسخولوگىيەلىك بىخەتەرلىك شەكىللىنىدۇ.

**بۈگۈنكى خىزمەت دۇنياسىدىكى توختاۋسىز ئۆزگىرىش، خىرىس ۋە ئېنىقسىزلىقلار تۇرمۇشىمىزغا ئېغىر تەسىر كۆرسەتمەكتە. خىزمەت ئورۇنلىرىمىزدا روناق تېپىشتا ئەمەس، مەۋجۇتلۇقىمىزنى ساقلاپ قېلىشتا خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتىمىز. گالۇپ شىركىتىنىڭ 2022 ـ يىلىدىكى خىزمەت ئورنى ئەھۋالى دوكلاتىغا قارىغاندا، خىزمەتچىلەرنىڭ كەسىپسۆيەرلىك نىسبىتى 21 پىرسەنتكە چۈشۈپ قالغان بولۇپ، نۇرغۇن خىزمەتچىلەر ئۆز خىزمىتىدىن رازى ئەمەسلىكىنى بىلدۈرگەن. خىزمەتچىلەر دۇچ كەلگەن بېسىمۇ تارىختىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەدە تۇرماقتا. شۇ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى، كىشىلەر خىزمەت هاياتىدىن مەنە تېپىشقا بارغانسېرى تىرىشماقتا.**

**ئاكتىپ پىسخولوگىيە ساھەسىنىڭ باشلامچىسى، «ئاكتىپ پىسخولوگىيە مەركىزى»نىڭ مۇدىرى، دوكتور مارتىن سېلىگمان** (Martin Seligman) **بىلەن** LifeLink **نىڭ قۇرغۇچىسى گابرىئېللا روسېن كېلېرمان** (Gabriella Rosen Kellerman) **بىرلىشىپ يازغان «ئەتىنى بىلىش: خىزمەتتە روناق تېپىش، بەردەملىك، ئىجادچانلىق ۋە باغلىنىش ـــ هازىر ۋە ئېنىقسىز كېلەچەكتە»** (Tomorrowmind: Thriving at Work, Resilience, Creativity, and Connection — Now and in an Uncertain Future) **دېگەن كىتاب بۈگۈنكى تېز ئۆزگىرىۋاتقان خىزمەت مۇھىتىدا قانداق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۇستىدە ئىزدىنىشكە قىزىقىدىغانلارغا ئۈمىد بېغىشلايدۇ ۋە بۇ ھەقتە قىممەتلىك چۈشەنچىلەرنى بېرەلەيدۇ.**

مەن كېلېرمان بىلەن بەردەملىك (چىداملىقلىق، مەزمۇتلۇق، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، ت)، باغلىنىش ۋە ئىجادچانلىق بەرپا قىلىشنىڭ بىزنىڭ بۆگۈنكى خىزمەت ئورنىمىزدىكى ئېنىقسىزلىق، يەكلىنىش ۋە توختاۋسىز ئۆزگىرىشلەر قاينىمىدا روناق تېپىشىمىزغا قانداق ياردەم بېرەلەيدىغانلىقى ھەققىدە پاراڭلاشتىم.

سوئال: ئالدى بىلەن، بەردەملىك ھەققىدە توختىلىپ ئۆتەيلى. بىز — شەخس بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن — قانداق قىلغاندا، تېخىمۇ بەردەم بولالايمىز؟

كېلېرمان: بىزنىڭ سانلىق مەلۇمات توپلىمىمىز يەككە شەخس، توپ ۋە تەشكىلاتلارنىڭ بەردەملىك نەتىجىسىگە دالالەت قىلىدىغان بەش تۈرلۈك ماھارەتنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇلار تۆۋەندىكىلەردۇر:

1) بىلىش ئېلاستىكىلىقلىقى، يەنى «خىزمەت مۇھىتلىرىغا تېزلىكتە ماسلىشىش، مۇھىتنى تېزدىن كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە دىققەتنى يىغىپ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش» ئىقتىدارى؛

2) ھېسسىياتنى تەڭشەش، يەنى ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى تونۇش، ئۇلارنى قايتا باھالاش، ئاندىن سوغۇققانلىق بىلەن، قورۇق ھاياجاندىن خالىي ھالدا قارار چىقىرىش ئىقتىدارى؛

3) ئۈمىدۋارلىق، يەنى كەلگۈسىگە ئۈمىدۋار ۋە ئىجابىي تەرزدە مۇئامىلە قىلىش خاھىشى؛

4) ئۆزلۈك ئۈنۈمدارلىقى، يەنى نىشانلىرىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىقتىدارىمىزغا بولغان ئىشەنچىمىز؛

5) ئۆزگە كۆيۈنۈش، يەنى باشقىلار قىيىنچىلىقتا قالغاندا كۆرسەتكەن كۆيۈمچانلىق ۋە مېھرىبانلىقنى ئۆزىگىمۇ كۆرسىتىش.

سوئال: ئۇنداقتا، ئىجتىمائىي رىشتە نېمە ئۈچۈن مۇھىم؟ شۇنداقلا بۆگۈنكى خىزمەت مۇھىتىدا ئۇنى تېپىش نېمە ئۈچۈن شۇنچە قىيىن؟

كېلېرمان: ئىجتىمائىي رىشتە شەخس، ئۈچۈن، كەسىپ ئۈچۈن ۋە تەشكىلاتلار ئۈچۈن ئوخشاشلا مۇھىم. شەخسكە نىسبەتەن، ھەرقانداق شەكىلدىكى بەخت ـ سائادەتنىڭ تۆۋرۈكلىرىدىن بىرى چوقۇملا ئىجتىمائىي رىشتىدۇر. بىز ئىجتىمائىي رىشتە ئورناتقاندا، تېخىمۇ ساغلام بولالايمىز. تەنھالىق ھەم جىسمانىي، ھەم مەنىۋى جەھەتتىن زىيانلىقتۇر.

كەسىپ جەھەتتە، ئىجتىمائىي رىشتە بىزنى خىزمەتداشلىرىمىز ۋە خېرىدارلار بىلەن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ھەمكارلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئۇ تېخىمۇ چوڭقۇر تەۋەلىك تۇيغۇسى ھاسىل قىلىدۇ. ھالبۇكى، تەشكىلاتلار يېڭىلىق يارىتىلىشىغا موھتاج بولۇپ، بۇ يېڭىلىقلار خىزمەتچىلەرنىڭ ھەمكارلىقى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

**سوئال: ئاخىردا، ئىجادچانلىقنىڭ بۇگۈنكى خىزمەت مۇھىتىدىكى ئەھمىيىتى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتەيلى. سىز «ھازىر ھەممىمىز ئىجادچانمىز» دېيىش ئارقىلىق نېمىنى مەقسەت قىلدىڭىز؟**

**كېلىرمان: ئۆتمۈشتىكى ئەمگەك دەۋرىدە، بولۇپمۇ سانائەتلىشىش دەۋرىدە، ئىجادچانلىق يادرولۇق خىزمەت ماھارەتلىرىدىن بىرى ھېسابلانمايتتى. ئەمما، ھازىر تېخنىكا خىزمەتلىرىمىزدىكى ئىجادىيلىقى نىسبەتەن تۆۋەن بۆلەكلەرنى ئاپتوماتلاشتۇرۇۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، بىز قاتماللىقنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئىجادچان بولۇشقا مەجبۇر بولدۇق.**

**سوئال: سىزنىڭ تەتقىقاتىڭىزدا بەردەملىك بىلەن ئىجادچانلىق ئارىسىدا باغلىنىش بارلىقى كۆرسىتىلىپتۇ. شۇنداقمۇ؟**

**كېلىرمان: بىز كىشىلەردىكى بەردەملىك بىلەن يۇقىرى ئىجادچانلىق ئوتتۇرىسىدا ئاجايىپ كۈچلۈك باغلىنىش بارلىقىنى بايقىدۇق. بۇ خىل بايقاش تەشكىلاتلار ئۈچۈنمۇ كۈچكە ئىگە. ئىجادىي مۇۋەپپەقىيەت تەكرارلاشنى تەقەززا قىلىدۇ. «بىر كېچىدىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش» ئۈچۈن ئەمەلىيەتتە نەچچە ئاي ياكى نەچچە يىل ۋاقىت كېتىدۇ، شۇنداقلا بۇ جەرياندا چوڭ توسالغۇلار بار بولىدۇ. يېڭىلىق يارىتىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن مەغلۇبىيەتنى يېڭىپ، ئوڭۇشسىزلىقلاردىن ئىبرەت ئېلىشىمىز كېرەك.**

**سوئال: تەشكىلاتلار خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىجادچانلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلالايدۇ؟**

**كېلىرمان: تەشكىلاتلار خىزمەتچىلىرىنى (يېڭىلىق يارىتىش مەقسىتىدە، مۆلچەرلەنگەن دائىرىدىكى) خەۋپكە تەۋەككۈل قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشى كېرەك. مانا بۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن پىسخىكىلىق بىخەتەرلىك بەرپا قىلىش چارىسىدۇر. خىزمەتچىلەر ئۇتتۇقسىز تەۋەككۈلچىلىكى ئۈچۈن جازاغا ئۇچراشتىن ئەنسىرىسە، ئۆز كاللىسىدىكى ئويلارنى باستۇرۇۋېتىدۇ، ھالبۇكى ئۇ دەل بىز ئەڭ ئېھتىياجلىق ئويلار بولۇشى مۇمكىن. تەشكىلاتلار يەنە ھەممەيلەننى ئىجادچان كىشىلەر دەپ قارىسا بولىدۇ. باشلامچى تەشكىلاتلار يېڭىلىق يارىتىشنى مۇئەييەن كەسپىي ماھارەت ئەمەس، بەلكى شىركەتنىڭ ھەممە يېرىگە چېتىشلىق ئىقتىدار دەپ قارايدۇ.**

**سوئال: بىز شەخس سۈپىتىدە ئىجادچانلىقىمىزنى قانداق كۈچەيتەلەيمىز؟**

**كېلىرمان: بىز ئىجادچانلىقتا تۆرتكە بولىدىغان ئادەتلەرنى ۋە تۇرمۇش ئۇسلۇبىنى يېتىلدۈرسەك بولىدۇ. بۇ مەۋجۇت ئەندىزىنى بۇزۇپ تاشلاپ، يېڭى بايقاشلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇنۇشنى تەقەززا قىلىدۇ.**

**سوئال: كىتابىڭىزدىكى ئەڭ مۇھىم نۇقتا قايسى؟**

**كېلېرمان: ئۈمىدىم شۇكى، (بىزنىڭ كىتابىمىز ئارقىلىق) خىزمەتتە روناق تېپىش ئۈچۈن تېپىرلاۋاتقانلار بۇ كىتابتىن بەردەملىكنى شەكىللەندۈرىدىغان كونكرېت قوراللارنى ئۆگىنەلەيدۇ؛ تېخىمۇ كۆپ زېھنىي كۈچى بارلار ئۆزلىرىنىڭ هازىرقى خىزمەتتە روناق تېپىشىغا ياردەم بېرىدىغان ماھارەتلەرنى يېتىلدۈرەلەيدۇ. كىتابىمىزدا ئاساسلىق گەۋدىلەندۈرۈلگىنى ئىلىم ـ پەننى ئاساس قىلغان ئۈمىد بولۇپ، هېچكىمنىڭ مەغلۇبىيەتكە مەهكۇم ئەمەسلىكى تەكىتلىنىدۇ.**

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://www.psychologytoday.com/intl/blog/a-deeper-wellness/202305/how-to-thrive-at-work


مىسلىسىز ئويغىنىش
ئامېرىكا نېمە ئۈچۈن خىتاي بىلەن
بولغۇسى ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ؟
جوني هاريس

# ئامېرىكا نېمە ئۈچۈن خىتاي بىلەن بولغۇسى ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ؟

جوني هارىس

ياپونىيەنىڭ جەنۇبىدا ماگېشىما دەپ ئاتىلىدىغان كىچىك ئارال بار بولۇپ، بۇ يەردە ئادەم ياشىمايدۇ. هالبۇكى، 2023 ـ يىلى 1 ـ ئايدىكى سىن هۆججەتلىرى بۇ يەردە قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىنىڭ ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتى. بۇ ئىشچىلارنىڭ ۋەزىپىسى ئارالدا بىر قانچە ئۇچۇش يولى ۋە ئۇق دورا ئىسكىلاتى ياساش ئىدى. ياپونىيە هۆكۈمىتى يەرلىك بېلىقچىلارغا پۇل بېرىپ، ئۇلارغا بۇ ئارالغا يېقىنلاشماسلىقنى جېكىلەپ كەلدى. چۈنكى، ياپونىيە بۇ ئارالنى هەربىي بازىغا ئايلاندۇرماقتا. ئامېرىكانىڭ كۆرەشچى ئايروپىلانلىرى ۋە ئاۋىياماتكىلىرى ئەمدى بۇ ئارالغا جايلىشىپ، خىتايغا تېخىمۇ يېقىن جايدا ئۆزىنىڭ هەربىي مەۋجۇتلۇقىنى نامايەن قىلالايدۇ.

ماگېشىما ئارىلى ياپونىيەنىڭ جەنۇب ۋە غەربىي جەنۇبىدىكى هەربىيلەشتۈرۈلگەن ئارال زەنجىرىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، مەزكۇر ئارال زەنجىرى تەيۋەننى مەركەز قىلغان. بۇ لىنىيە ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان جىددىيلىكنىڭ ئەڭ روشەن نامايەندىلىرىدىن بىرى بولۇپ، تۆۋەندە مەن بۇ ئارال زەنجىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن بەرپا قىلىنىۋاتقانلىقىنى ۋە بۇ توقۇنۇشنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن.

بۇ يىللىق «ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە ئىستراتېگىيەسى» ئىلگىرىكى يىللاردىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ تەپسىلىي بولۇپ، مەزمۇنى ئاساسلىقى خىتايغا مەركەزلەشكەن. ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى بۇ هۆججەتتە خىتاينى «كەلگۈسى نەچچە ئون يىلدىكى ئەڭ مۇهىم ئىستراتېگىيەلىك رىقابەتچىمىز» دېدى. ئۇنداقتا، بۇنىڭ سەۋەبى زادى نېمە؟ ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىغا كۆرە، بۇنىڭ سەۋەبى، خىتاينىڭ ئۆز قوشنىلىرىنى بوزەك قىلىپ، «مەزكۇر رايوننى ۋە خەلقئارا سىستېمىنى مۇستەبىتلەرنىڭ خاهىشىغا ماس كېلىدىغان هالەتتە قايتىدىن شەكىللەندۈرۈش»كە ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىدۇر.

ۋەهالەنكى، ئامېرىكا ئارمىيەسىنى ۋەهىمىگە سېلىۋاتقىنى شۇكى، خىتاي ئۆز ئارمىيەسىنى شىددەت بىلەن زامانىۋىلاشتۇرماقتا ۋە كېڭەيتمەكتە. خىتاينىڭ هەربىي كۈچىنىڭ كىشىنى چۆچۈتىدىغان سۈرئەتتە زورىيىۋاتقانلىقى شەكسىز. مەسىلەن، خىتاينىڭ دېڭىز ئارمىيەسىگە هەر تۆت يىلدا ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيەسىگە باراۋەر كەلگۈدەك يېڭى كۈچ قوشۇلۇۋاتىدۇ. شۇڭا، ئامېرىكانىڭ مەزكۇر دوكلاتىدا خىتاينىڭ بارغانسېرى زورىيىۋاتقان كۈچىگە ۋە هەربىي هەرىكەتلىرىگە بولغان ئەندىشە ئىپادىلەنگەنلىكى تولىمۇ نورمال.

خىتاي ئۆز قوشنىلىرىغا تەهدىت سېلىۋاتىدۇ، دېڭىز چېگرالىرىنى كۆزگە ئىلماي‌ۋاتىدۇ؛ باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى سىناۋاتىدۇ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ دېڭىز تەۋەلىكىدە بېلىقچىلىق كېمىلىرىنى بوزەك قىلىۋاتىدۇ،

ھەتتا بۇ يەرلەردە سۈنئىي ئارال بەرپا قىلىپ، بۇ ئاراللاردا ھەربىي بازىلارنى قۇرۇۋاتىدۇ ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ ـــ بولۇپمۇ تەيۋەننىڭ ـــ ھاۋا تەۋەلىكىگە ئۈزلۈكسىز تاجاۋۇز قىلىۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى خىتاينى «ئامېرىكا رەھبەرلىكىدىكى دۇنيا تەرتىپىگە ھەقىقىي جەڭ ئېلان قىلىش ھەمدە دۇنيادا يېڭى تەرتىپ ـ نىزام ئورنىتىش غەرىزى ۋە ئىقتىدارىغا ئىگە بىردىنبىر دۆلەت»كە ئايلاندۇردى. ئەنە شۇ سەۋەبتىن ئامېرىكا خىتاينى كەلگۈسى نەچچە ئون يىلدىكى ئەڭ مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك رىقابەتچى دەپ قارايدۇ، شۇنداقلا ئامېرىكا ئۆزىنىڭ ئەمدى كېچىكسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن پىلان تۈزۈپ بولدى.

ئامېرىكىنىڭ ئاسىيادىكى ھەربىي كۈچى ئەسلىدىنلا ئىنتايىن زور. ئامېرىكىنىڭ گۇئام ئارىلىدا تەخمىنەن سەككىز مىڭ ئەسكىرى؛ ياپونىيەدە 100 بازىسى، ياپونىيە چوڭ قۇرۇقلۇقىدا تەخمىنەن 21 مىڭ ئەسكىرى، ئوكىناۋا ئارىلىدا يەنە 24 مىڭ ئەسكىرى بار. كورىيەدىمۇ 22 مىڭ ئامېرىكا ئەسكىرى بار. ئاندىن ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ سىنگاپوردىكى پورتنى مەركەز قىلغان ھالدا ھەرىكەت قىلىدىغان قوشۇنلىرى بار. بۇ ئاسىيادا نەچچە ئون يىلدىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن ھالەت بولۇپ، ئامېرىكا ئۆزىنىڭ بۇ رايوندىكى ئىتتىپاقداشلىرىنى مۇشۇ ئارقىلىق قوغداپ كەلدى. گەرچە ئامېرىكا بۇ رايوندا كۈچلۈك ئىتتىپاقداشلىقنى ساقلاپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما يېقىنقى يىگىرمە يىلدا ئوتتۇرا شەرقتىكى ئىككى قېتىملىق ئۇرۇش ئامېرىكىنىڭ دىققىتىنى يىراق شەرقتىن بۇرۇۋەتتى. ھالبۇكى، ئوتتۇر شەرقتىكى بۇ توقۇنۇشلار پەسەيگەندە، خىتاي ھەربىي جەھەتتە راۋۇرۇس كۈچىيىۋالغان بولغاچقا، ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى ئاسىيادىكى مەۋجۇت ھەربىي كۈچنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى بىلدۈردى ـ دە، بىز بۇ يەردە توختىلىۋاتقان «ئارال زەنجىرى ئىستراتېگىيەسى» ئوتتۇرىغا چىقتى.

مەزكۇر ئارال زەنجىرى ئىستراتېگىيەسىنىڭ ئاز بىر قىسمى ئامېرىكىنىڭ بازىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، ئامېرىكا گۇئامدا يېڭى بازا ئېچىپ، بىر قىسىم ئەسكەرلەرنى شۇ يەرگە يۆتكىمەكچى. ئەمما، بۇ ئىستراتېگىيە ئاساسلىقى ئامېرىكىنىڭ ئاسىيادىكى ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ ئىتتىپاقداشلارنىڭ بىرىنچىسى ياپونىيە بولۇپ، ياپونىيە زور كۆلەملىك دېڭىز ئارمىيەسىگە ئىگە بولغان ھەمدە تەيۋەننى تىزگىنلەشنىڭلا كويىدا يۈرىدىغان خىتايدىن قاتتىق تەشۋىشلىنىدۇ. چۈنكى، ياپونىيەنىڭ ئاراللىرى تاكى تەيۋەننىڭ يېنىغىچە سوزۇلىدىغان بولغاچقا، ياپونىيە تەيۋەن بىلەن قوشنا ھېسابلىنىدۇ. ياپونىيەنىڭ دۆلەت مۇداپىئە ئىستراتېگىيەسىگە نەزەر سالسىڭىز، ئۇنىڭ ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە ئىستراتېگىيەسىگە تولىمۇ ئوخشايدىغانلىقىنى بايقايسىز. چۈنكى، بۇ ئىككىلا دۆلەت خىتايدىن قاتتىق خەۋپسىرىگەن بولۇپ، خىتاينىڭ بۇ رايوندا پەيلىنى تېخىمۇ بەك بۇزۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ماس قەدەمدە ھەرىكەت قىلىشقا تەييار.

مەزكۇر ئارال زەنجىرىدە، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ماگېشىما ئارىلىدىكى يېڭى ھەربىي بازا ۋە ھاۋا يولى ياپونىيە ۋە ئامېرىكا ئارمىيەسى تەرىپىدىن تەڭ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئارالنىڭ جەنۇبىدا ئامامى ئارىلى بار. ياپونىيە يېقىندا بۇ يەرگە يىراق مۇساپىلىق ۋە پاراخوتقا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، ئامېرىكادىن سېتىۋېلىنغان بۇ بومبىلارنىڭ تەيۋەن بوغۇزىغا يېتىپ بارالايدىغانلىقى شەكسىز. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوكىناۋا ئارىلى بار بولۇپ، بۇ يەردە ئامېرىكىنىڭ نەچچە تۈمەن ئەسكىرى بارلىقى

يۇقىرىدىمۇ قەيت قىلىندى. بۇ يەردە ياپونىيەنىڭمۇ ھەربىي بازىسى بار بولۇپ، ياپونىيە بۇ ئارالغا تېخىمۇ يىراق مۇساپىلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا، شۇنداقلا خەۋەرلىشىش سىگنالىغا كاشلا تۇغدۇرۇش ۋە توسۇش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن ئېلېكترونلۇق ئۇرۇش ئۈسكۈنىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرماقتا. ئۇنىڭ جەنۇبىدىكى ئىككى ئارالدا ياپونىيە تېخىمۇ كۆپ يىراق مۇساپىلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئورۇنلاشتۇرماقتا، بۇ بەلكىم ختاي دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ پاراخوتلىرىغا ۋە ئايروپىلانلىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئىشلىتىلىشى مۇمكىن. ياپونىيە يەنە ئىشىگاكى ئارىلىغا ئالتە يۈزگە يېقىن ئەسكەر ئورۇنلاشتۇردى. ئەڭ ئاخىرىدا مەزكۇر ئارال زەنجىرىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ھەربىيلەشتۈرۈلگەن ئارال يوناگۇنى بار بولۇپ، بۇ مەزكۇر زەنجىردىكى تەيۋەنگە ئەڭ يېقىن ئارالدۇر. ياپونىيە بۇ يەرگە تېخىمۇ كۆپ ئېلېكترونلۇق ئۇرۇش قىسىملىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقان بولۇپ، بۇلار خەۋەرلىشىش سىگنالىنى توسۇش ياكى خەۋەرلەرنى ئوغرىلىقچە ئاڭلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. يوناگۇنى ئارىلىغىچە بولغان ئارىلىق مەزكۇر ئارال زەنجىرىمىزنىڭ بىرىنچى قىسمىدۇر.

ياپونىيە ئاسانلا تىزگىنلىيەلەيدىغان ۋە نازارەت قىلالايدىغان بۇ لىنىيە ھەر قانداق ختاي پاراخوتى ياكى سۇ ئاستى پاراخوتى تىنچ ئوكيانغا كىرىش ئۈچۈن چوقۇم ئۆتۈشكە مەجبۇر بولىدىغان فىزىكىلىق توسۇقلۇق رولىنى ئوينايدۇ. ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە باشقۇرۇلىدىغان بومبا سېپىلىدۇر. ختاي تەيۋەنگە تاجاۋۇز قىلىش ـ قىلماسلىق ياكى رايوندا ھەرقانداق ھەرىكەت قوللىنىش ئۈچۈن چوقۇم مەزكۇر «باشقۇرۇلىدىغان بومبا سېپىلى»نى نەزەرگە ئېلىشقا مەجبۇر.

ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، بۇ بىر قاتار ئاراللاردىكى ھەربىي مەۋجۇتلۇقنىڭ كۈچىيىشى ياپونىيەنى ـــ ۋە شۇ ئارقىلىق ئامېرىكانى ـــ ختاينىڭ ئالاقە ۋە ھەربىي ھەرىكەتلىرىنى نازارەت قىلىش ئىقتىدارىغا ۋە تېز ھەرىكەتكە ئۆتۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بۇ يەنە ئامېرىكا بىلەن ياپونىيەنى پۈتۈن رايوندا ئالدىن ئەسكەر ۋە تەمىناتلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان بولۇپ، بۇ ئىنتايىن مۇھىم ئارقا سەپ ئەۋزەللىكىدۇر.

ئاندىن ئارال زەنجىرى فىلىپپىنغىچە داۋاملىشىدىغان بولۇپ، تەيۋەن ۋە جەنۇبىي ختاي دېڭىزىغا تېخىمۇ يېقىنلىشىدۇ. ئامېرىكا ئۆزىنىڭ فىلىپپىندىكى مەۋجۇتلۇقىنى كۈچەيتىشى كېرەكلىكىنى بىلىدۇ. ئەمما، فىلىپپىن ئىلگىرى نەچچە ئون يىل ئامېرىكانىڭ مۇستەملىكىسى بولغاچقا، فىلىپپىنلىقلار ئامېرىكانى ئۇنچە ياقتۇرۇپ كەتمەيدۇ. ئەمما تېخىمۇ جېدەلخور ختاي پۈتكۈل جەنۇبىي ختاي دېڭىزىنى ئۆزىنىڭ دېڭىز تېررىتورىيەسى دەپ دەۋا قىلغاچقا، ختاي بىلەن فىلىپپىن جەنۇبىي ختاي دېڭىزىدا سىجىل توقۇنۇشماقتا. ھازىر فىلىپپىننىڭ بېلىقچىلىق كېمىلىرى دائىم ختاي ئۇرۇش پاراخوتلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچراپ تۇرىدىغان بولۇپ، ختاي قىسىملىرى بۇ بېلىقچىلارغا فىلىپپىنغا تەۋە دېڭىز رايونىدىن ئايرىلمىسا، ھۇجۇمغا ئۇچرايدىغانلىقى بىلەن تەھدىت سالىدۇ. 2022 ـ يىلى، ختاي ھەتتا جەنۇبىي ختاي دېڭىزىدىكى بارلىق بېلىقچىلىق پائالىيەتلىرىگە ۋاقتىنچە چەك قويۇپ، فىلىپپىنلىقلارنىڭ غەربىي فىلىپپىن دېڭىزىدا بېلىق تۇتۇشىغا توسقۇنلۇق قىلدى. شۇڭا ھازىر فىلىپپىنلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە بېلىق تۇتۇش ھوقۇقىنى تاجاۋۇزچى قوشنىسى ختايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش ياكى ختاينى چېكىندۈرۈش كويىدا يۈرگەن سابىق مۇستەملىكىچىسى ئامېرىكا بىلەن ھەمكارلىشىشتىن بىرىنى تاللاشقا مەجبۇر. بۇ مەسىلىدە، فىلىپپىن ئامېرىكا بىلەن بىر سەپتە تۇرۇشنى تاللىدى. 2014 ـ يىلى، ئۇلار 22

يىلدىن كېيىن تۇنجى قېتىم ئامېرىكا ئەسكەرلىرىگە قۇچاق ئاچتى. 2022 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، فىلىپپىن ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ يەنە تۆت بازىنى ئىشلىتىشىگە رۇخسەت قىلدى ـ دە، ئامېرىكانىڭ فىلىپپىندىكى بازىسىنىڭ سانى توققۇزغا يەتتى. ئامېرىكا ئارمىيەسى فىلىپپىن ئەسكەرلىرىنى سىجىل مەشقلەندۈرۈۋاتقان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى خىتاينىڭ فىلىپپىننىڭ بېلىقچىلىق كېمىلىرىنى بوزەك قىلىشىغا قارشى تۇرۇش ۋە تەيۋەنگە قىلىنغان تاجاۋۇزغا تېز ئىنكاس قايتۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىشنى مەقسەت قىلماقتا.

ھازىر بۇ ئارال زەنجىرىنىڭ ھالقىلىرى بارا ـ بارا زىچلىشىپ، ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ مەزكۇر رايوندىكى شېرىكلىرىنى خىتاينى تىنچ ئوكيان تەرەپتىن مۇستەھكەم قامال قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئامېرىكانىڭ سىنگاپوردىكى ھەربىي مەۋجۇتلۇقى سايىسىدە، مەزكۇر زەنجىر جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىنىڭ جەنۇبىغىچە داۋاملىشىدۇ. بۇ ئىنتايىن زىچ ئۇيۇشقان بىرلىكسەپ، ئەمما بۇ سەپ بۇ يەردىلا تۈگىمەيدۇ.

ئىستراتېگىيەنىڭ ئاخىرقى قىسمى ـــ بەلكىم ئەڭ مۇھىم قىسمى ـــ ئاۋسترالىيەگە مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە ئاۋسترالىيە ئوتتۇرىسىدا **AUKUS** دەپ ئاتىلىدىغان ھەربىي شەرتنامە ئىمزالاندى. مەزكۇر شەرتنامىغا كۆرە، بۇ ئۈچ دۆلەت تىنچ ئوكياننى چارلاش ئۈچۈن بىرلىككە كەلگەن سۇ ئاستى پاراخوتى قىسمى قۇرىدۇ. بۇ ئامېرىكانىڭ ئۆزىدىكى ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئىلغار قورال بولغان يادرو سۇ ئاستى پاراخوتى تېخنىكىسىنى ئاۋسترالىيەگە ھەقسىز بېرىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئاندىن ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە ئۆزلىرىنىڭ سۇ ئاستى پاراخوتلىرىنى ئاۋسترالىيەدىكى پېرس (Perth) پورتىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئۇلار بۇ يەردىن تەيۋەن ۋە جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىغىچە كەڭ كۆلەمدە چارلاش پائالىيىتى ئېلىپ بارالايدۇ ھەمدە بۇ ھالقىلىق تۈگۈنلەرنى قامال قىلىپ، خىتايغا قارشى مۇداپىئە سېپىدىكى يوچۇقلارنى ئېتەلەيدۇ.

مۇھىمى، بىز شۇنى جەزملەشتۈرەلەيمىزكى، بۇ سۇ ئاستى پاراخوتلىرىنىڭ كۆپىنچىسىگە يادرو قورالى سەپلەنگەن بولۇپ، بۇ ئەسلىدىنلا ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان مەزكۇر مۇداپىئە لىنىيەسىنىڭ تەھدىت كۈچىنى تېخىمۇ زورايتىدۇ. ئاۋسترالىيە يەنە ئۆز زېمىنىنىڭ شىمالىدىكى تىندال ھاۋا ئارمىيە بازىسىدا ئامېرىكانىڭ B ـ 52 بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرى ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ئايروپىلان ئىسكىلاتى ياساۋاتىدۇ. ئامېرىكانىڭ بۇ بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرىغا ھەم ئەنئەنىۋى، ھەم يادرو قوراللىرى سەپلەنگەن بولۇپ، بۇ غەربنىڭ تەييارلىنىپ بولغانلىقى ھەققىدە خىتايغا بېرىلگەن ئىنتايىن كۈچلۈك سىگنالدۇر.

شۇڭا ھازىر مەزكۇر ئارال زەنجىرىگە بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە قارىسىڭىز، بۇنىڭ قانچىلىك كۈچلۈك مەۋجۇتلۇق ئىكەنلىكىنى بايقايسىز. بۇ ھەربىي ساھەدە «بىرىنچى ئارال زەنجىرى» (first island chain) دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ خىتايغا قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنى چەكلەش ئىستراتېگىيەسىنىڭ يادروسىدۇر. شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ ھەربىيلەشتۈرۈش ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ، جۈملىدىن باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە سۇ ئاستى پاراخوتى ئورۇنلاشتۇرۇش، ھاۋا ئارمىيە بازىسى قۇرۇش، قوشۇن تۇرغۇزۇش قاتارلىقلاردىكى ئاساسلىق مەقسەتلەردىن بىرى تەيۋەنگە مۇناسىۋەتلىك توقۇنۇشقا تەييارلىق قىلىشتۇر.

ھالبۇكى، بۇ يەردە چۆچۈتۈشكە ئالاقىدار زىتلىق مەۋجۇت. يەنى ئامېرىكا ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر بولماسلىق ئۈچۈن ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ. بۇ تەييارلىقلارنىڭ ھەممىسى خىتاينىڭ «تەيۋەنگە تاجاۋۇز قىلىشنىڭ بەدىلى بەك يۇقىرى» دەپ قارىشىغا تۈرتكە بولۇشنى مەقسەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

**لېكىن، بۇ زىتلىقنىڭ يەنە بىر يۈزى شۇكى، بۇلار ئېنىقلا توقۇنۇشنىڭ ئاشكارا ئۇلغايتىلىشىدەك كۆرۈنىدۇ. ئەگەر سىز خىتاينىڭ ئورنىدا بولسىڭىز، دۆشمەنلىرىڭىزنىڭ بۇ بىر قاتار ئاراللار ئارقىلىق سىزنى قورشاپ، ھەر بىر ھەرىكىتىڭىزنى نازارەت قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلمەي قالمايسىز. شۇ ۋەجىدىن، بۇ پىلاننىڭ ئامېرىكا ـ خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى كۈچەيتىۋەتمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس.**

**خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ بۇنى «قورشاش ۋە باستۇرۇش سىياسىتى» دەپ ئاتىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ سۆزى توغرا. دەرۋەقە بۇ كىلاسسىك سوغۇق ئۇرۇش ئۇسلۇبىدىكى چەكلەش تاكتىكىسىدۇر. خەرىتىگە قارىغىنىڭىزدا بۇ نۇقتىنى بايقىماسلىقىڭىز مۇمكىن ئەمەس. شۇنداقلا، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى خىتاينىڭ بۇنىڭغا قارىتا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتمەسلىكى ۋە بۇ ھەرىكەتتىن ئۆچ ئالماسلىقى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلدۈردى. بۇ شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، ئەگەر ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بۇ مەسىلىگە دىققەت قىلمىسا، ئۇ خىتايغا «ئامېرىكا بارلىق پىلانلىرىنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇپ بولۇشتىن ئىلگىرى، تەيۋەنگە ھازىرنىڭ ئۆزىدە تاجاۋۇز قىلىش ئاقىلانىلىكتۇر» دېگەن سىگنالنى بېرىشى ۋە بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مەزكۇر ئىستراتېگىيە ئۆزى ئالدىنى ئالماقچى بولغان توقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.**

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://www.youtube.com/watch?v=plHRRFHZ_f0&ab_channel=JohnnyHarris



# برۇنېي سۇلتانلىقى ۋە شەرقىي تۈركىستان

# برۇنېي سۇلتانلىقى ۋە شەرقىي تۈركىستان

برۇنېي شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى بورنېئو ئارىلىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان مۇستەقىل ئىسلام سۇلتانلىقىدۇر. ئۇ شىمالدا جەنۇبىي خىتاي دېڭىزى بىلەن، باشقا پۈتۈن تەرەپلىرى شەرقىي مالايسىيانىڭ (شەرقىي مالايسىيا ـــ مالايسىيانىڭ بورنېئو ئارىلىغا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان زېمىنلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ـ ت) ساراۋاك ئۆلكىسى بىلەن چېگرالىنىدىغان بولۇپ، شەرقىي مالايسىيا ئۆز نۆۋىتىدە برۇنېي زېمىنىنى ئوخشىمىغان چوڭلۇقتىكى ئىككى ئايرىم رايونغا بۆلۈۋېتىدۇ. بۇ ئىككى زېمىننىڭ غەربتىكىسى نىسبەتەن چوڭ بولۇپ، پايتەخت باندار سېرى بېگاۋان مۇشۇ تەرەپتە. برۇنېي ھازىر ئەنگلىيە فېدېراتسىيەسى ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسىدۇر.

برۇنېي سۇلتانلىقىنىڭ قىسقىچە ئۇچۇرلىرى:

يەر كۆلىمى: 5765 كۋادرات كىلومېتىر

نوپۇسى: 445 مىڭ 373 (2021 ـ يىلى)

كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق كىرىمى: 66480 دوللار (2021 ـ يىلى)

تىل: دۆلەت تىلى مالاي تىلى بولۇپ، ئېنگلىز تىلى ئاساسلىق ئىككىنچى تىلدۇر. نۇرغۇن خىتايلار جەنۇبىي خىتاي شېۋىسىنى قوللىنىدۇ، مەكتەپلەردە خىتايچە ئۆگىنىدىغانلار خېلى كۆپ.

دىن: برۇنېي خەلقى ئاساسلىقى ئەھلى سۈننەت مۇسۇلمانلىرىدۇر. ئەمما، بۇ يەردىكى خىتايلار ئادەتتە بۇددا دىنى، داۋجياۋ دىنى، كۇڭزىچىلىق ياكى خرىستىيان دىنى قاتارلىقلارغا ئېتىقاد قىلىدۇ. يەرلىك خەلقلەرنىڭ بەزىلىرى خرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، يەنە بەزىلىرى ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ.

## نوپۇس قۇرۇلمىسى

برۇنېي ھۆكۈمىتى ئۆز خەلقىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىغا يېقىنىنى «مالاي مىللىتى» دەپ بېكىتكەن بولسىمۇ، بۇ تۈردىكىلەر نوقۇل مالايلارنىلا ئەمەس، بەلكى دۇسۇن، بېلايت، كېدايان، مۇرۇت ۋە بىساياھ قاتارلىق بىر قىسىم يەرلىك مىللەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خىتايلار نوپۇسنىڭ ئوندىن بىرىنى ئىگىلەيدۇ. برۇنېينىڭ قالغان نوپۇسىنى ئىبان (ياكى خەيداك)لارغا ئوخشاش مالاي بولمىغان يەرلىك خەلقلەر، جەنۇبىي ئاسىيالىقلار ھەمدە ئاساسلىقى ئاسىيا ۋە ياۋروپادىن كەلگەن ۋاقىتلىق ئىشچىلار تەشكىل قىلىدۇ.

برۇنېينىڭ ئىقتىسادى تامامەن دېگۇدەك ئۆزىنىڭ غايەت زور نېفىت ۋە تەبىئىي گاز زاپىسىغا تايىنىدۇ. گەرچە نېفىت ۋە تەبىئىي گاز تاپاۋىتى بۇ دۆلەتنى ئاسىيادىكى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمى ئەڭ يۇقىرى دۆلەتكە ئايلاندۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بۇ دۆلەتنى بازارنىڭ داۋالغۇشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغان يەككە تاۋارغا تايىنىدىغان قىلىپ قويىدى. بۇنىڭدىن باشقا، برۇنېي مەھسۇلات (تەييار مەھسۇلات)لارنىڭ ھەممىسىنى دېگۇدەك، يېمەكلىكلەرنىڭ زور كۆپ قىسمىنى ئىمپورت قىلىدۇ. ھۆكۈمەت دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، دېھقانچىلىق، بېلىقچىلىق، ساياھەت ۋە پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتى قاتارلىق باشقا ساھەلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىقتىسادنى كۆپ خىللاشتۇرۇشقا ئۇرۇندى.

[دېھقانچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئورمانچىلىق]

دېھقانچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئورمانچىلىق ئىلگىرى برۇنېي ئىقتىسادىنىڭ تۈۋرۈك كەسىپلىرى ئىدى، ئەمما 1920 ـ يىللاردا نېفىت زاپىسى بايقالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەھمىيىتى تۆۋەنلىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، بۇ ئۈچ كەسىپ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئازغىنە بىر قىسمىنىلا ئىگىلەيدىغان بولدى ھەمدە ئەمگەك كۈچىگە بولغان تەلىپىمۇ نىسبەتەن تۆۋەن ھالەتكە كەلدى. ئىقتىسادنى نوقۇل ھالدا نېفىت ئىشلەپچىقىرىشقا تايىنىدىغان ھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ كۆپ خىللاشتۇرۇش ۋە دۆلەتنىڭ يېمەكلىك ئىمپورتىغا بولغان تايىنىشچانلىقىنى ئازايتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتكەن ھۆكۈمەت، يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانىنى يولغا قويىدى. 21 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، برۇنېي ئۆي قۇشلىرى ۋە تۇخۇم ئىشلەپچىقىرىشتا ئۆز ـ ئۆزىنى قامدىيالايدىغان سەۋىيەگە يېتىپ، كۆكتات ئىشلەپچىقىرىشىدىمۇ ئۆز ـ ئۆزىنى قامدىيالايدىغان سەۋىيەگە يېقىنلاشتى. گەرچە يەرلىك گۆرۈچ ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى ھېلىھەم دۆلەت ئىچى ئېھتىياجىدىن خېلىلا تۆۋەن بولسىمۇ، ئەمما ئىشلەپچىقىرىش كۆرۈنەرلىك ئاشتى.

برۇنېي دۇنيادىكى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان بېلىق ئىستېمالى ئەڭ يۇقىرى دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بېلىق ئىمپورتى 1990 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەگە چىققانىدى. ھۆكۈمەت ئىمپورتنى ئازايتىش ئۈچۈن، يەرلىك بېلىقچىلىقنى جانلاندۇرۇش پروگراممىسىنى يولغا قويىدى ـ دە، ئون يىل ئىچىدە، دۆلەت ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىدىغان بېلىقنىڭ مىقدارى ئىمپورت قىلىنىدىغان بېلىقنىڭكىدىن ئاشتى.

ھالبۇكى، ھۆكۈمەتنىڭ سىجىل تەرەققىياتنى تەكىتلىشىگە قارىماستىن، بىلىقنى زىيادە كۆپ تۇتۇۋېتىش ئەندىشىسى بارغانسېرى كۈچەيمەكتە.

برۇنېي ئۆزىنىڭ مول ئورمان بايلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا دەرەخ كېسىشكە چەك قويۇش خۇسۇسىدا قانۇن چىقاردى. كۆچەت تىكىش پروگراممىسى پەقەت يەرلىك بازارنى يېتەرلىك ياغاچ بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈنلا يولغا قويۇلغان بولۇپ، برۇنېي چەتئەللەرگە ياغاچ ئېكسپورت قىلمايدۇ.

## تەبىئىي بايلىقلار

سۇيۇقلاندۇرۇلغان تەبىئىي گازنى (LNG) ئۆز ئىچىگە ئالغان نېفت سانائىتى ــ گەرچە بۇ ساھەدە ئىنتايىن ئاز بىر قىسىم ئەمگەك كۈچى ئىشلىتىلسىمۇ ــ برۇنېينىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ دۆلەتنىڭ نېفت ۋە تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنىڭ ھەممىسى دېڭىزدىكى ئۇنىڭ غەربىي رايونىدىكى دېڭىزدىكى نېفتلىكتىن مەنبەلىنىدۇ ۋە ئاز بىر قىسمىدىن باشقا ھەممىسى ئاساسلىقى ئاسىيا ئەللىرىگە ئېكسپورت قىلىنىدۇ. يەرلىك نېفت ئايرىش زاۋۇتلىرى دۆلەت ئىچىدىكى ئېھتىياجنى قاندۇرىدىغان بولۇپ، بۇ دۆلەتنىڭ ئېنېرگىيەسى ئاساسەن تاشقا ئايلانغان يېقىلغۇدىن ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

برۇنېيدا نېفت تۇنجى قېتىم 1929 ـ يىلى ئىشلەپچىقىرىلغان. تەبىئىي گاز سانائىتى بولسا 1960 ـ يىللاردا زور مىقداردا گاز زاپىسى بايقالغاندىن كېيىن ئاندىن تەرەققىي قىلغان. نېفت ئىشلەپچىقىرىش 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكەندىن كېيىن، نېفت زاپىسىنى ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە ئازايتىلغان.

## سودا

نېفت ۋە تەبىئىي گاز كىرىمى دۆلەتنىڭ ئېكسپورت كىرىمىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك تەشكىل قىلىدىغان بولۇپ، برۇنېي 1970 ـ يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ ئاكتىپ سودا بالانسىغا ئىگە. برۇنېينىڭ ئاساسلىق سودا شېرىكلىرى ياپونىيە، سىنگاپور، مالايسىيا، خىتاي، كورېيە ۋە ھىندىستان قاتارلىق ئاسىيا ئەللىرىدۇر.

## ئاساسىي قانۇن رامكىسى

**1959 ـ يىلى، برۇنېي ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا دۆلەتكە ئايلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئاساسىي قانۇنىنى ماقۇللىدى. ئەمما، ئەنگلىيە يەنىلا تاشقى سىياسەت، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئىچكى بىخەتەرلىكنى باشقۇرۇش هوقۇقىنى ساقلاپ قالدى. 1970 ـ يىلى، بۇ ئاساسىي قانۇن بويىچە، خەلق تەرىپىدىن سايلانغان ۋەكىللىك هۆكۈمەت قۇرۇش جەھەتتىكى چەكلىك ئۇرۇنۇشلاردىن ۋاز كېچىلدى. برۇنېي 1984 ـ يىلى تولۇق مۇستەقىللىققە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئىسلامىي سۇلتانلىق قۇرۇلدى، ئاساسىي قانۇن ساقلاپ قېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما زور دەرىجىدە تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى.**

## ساغلاملىق ۋە پاراۋانلىق

**برۇنېي ئىجتىمائىي مۇئەسسەسەلىرى تەرەققىي قىلغان پاراۋان دۆلەتتۇر. پۇقرالار ئۆللۇق داۋالىنىش ۋە چىش دوختۇرى مۇلازىمىتىدىن ھەقسىز بەھرىمەن بولىدۇ. پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىغان ھۆكۈمەت سەھىيە مەركەزلىرى ۋە شىپاخانىلار تورى ئۆللۇق داۋالاش بىلەن تەمىنلەيدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ «ئۇچقۇر دوختۇر مۇلازىمىتى» يىراق يېزا ـ قىشلاقلارنى قەرەللىك زىيارەت قىلىپ تۇرىدۇ. تۆت رايوننىڭ ھەر بىرىدە دۆلەتلىك دوختۇرخانا بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە باندار سېرى بېگاۋاندا بىر دانە چوڭ تېپلىق تىببىي مۇئەسسەسە بار. شەھەرلەردىمۇ شەخسىي شىپاخانىلار ۋە بىر قىسىم شەخسىي دوختۇرخانىلار بار.**

**برۇنېيدا تۇبېركۇليوز، ئەيدىز كېسىلى ۋە خولېرا قاتارلىق ئېغىر يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ كۆرۈلۈش نىسبىتى ئىنتايىن تۆۋەن. بەزگەك كېسىلىنى كونترول قىلىش پروگراممىسى 1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ برۇنېينى بەزگەكتىن خالىي دۆلەتكە ئايلاندۇرغان. بۇ دۆلەتنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى دۇنيانىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىدىن خېلىلا تۆۋەن.**

## مائارىپ

برۇنېيدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم كىشىلەر ساۋاتلىق بولۇپ، 5 ياشتىن 16 ياشقىچە بولغان كىشىلەر ئۈچۈن مائارىپ ھەقسىز ۋە مەجبۇرىي. مالاي تىلى، ئىنگلىز تىلى ۋە خىتاي تىلى ئۈچ خىل رەسمىي ئوقۇتۇش تىلىدۇر. ھۆكۈمەت مەكتەپلىرىدە مالاي تىلى ئىشلىتىلىدۇ، ئەمما باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن باشلاپ، بەزى پەنلەر ئىنگلىز تىلىدا ئۆتۈلىدۇ. ھۆكۈمەت مەكتەپلىرىدىن باشقا، يەنە خۇسۇسىي خىتايچە مەكتەپلەر ۋە دىنىي ئورگانلار باشقۇرىدىغان مەكتەپلەرمۇ بار؛ ئەمما، بۇ مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن بىر تۇتاش دەرسلىكلەر قوللىنىلىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلار بىر قانچە تېخنىكا ياكى قۇرۇلۇش ئىنستىتۇتىدا ياكى كەسپىي مەكتەپلەردە ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرالايدۇ. ئىمتىھان نەتىجىسى ئەلا بولغان ئوقۇغۇچىلار «برۇنېي دارۇسسالام ئۇنىۋېرسىتېتى» (1985) ياكى «سۇلتان شەرىف ئەلى ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى»غا (2007) تىزىملىتىسا بولىدۇ.

## برۇنېينىڭ قىسقىچە تارىخى

گەرچە برۇنېينىڭ ئالتىنچى ئەسىردىن ئىلگىرى تارىخى ھەققىدە ھېچقانچە مەلۇمات بولمىسىمۇ، ئەمما ئالتىنچى ئەسىردىن كېيىن، ئۇ جاۋا ئارىلىدىكى ماجاپاھىت (Majapahit) ئىمپېرىيەسىگە تەۋەلىك بىلدۈرگەنلىكى ئۈچۈن، بىر مەھەل ھىندى دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. 1521 ـ يىلى فېردىناند ماگېللاننىڭ (Ferdinand Magellan) ئېكسپېدىتسىيە پاراخوتلىرى برۇنېيغا يېقىن جايدا قىرغاقتا چىققاندا، پۈتكۈل بورنېئو ئارىلى، سۇلۇ تاقىم ئاراللىرى ۋە شۇ ئەتراپتىكى ئاراللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك برۇنېينىڭ بەشىنچى سۇلتانى بۈيۈك بولقىيەنىڭ (great Bolkiah، بلقية ابن سليمان) كونتروللۇقىدا ئىدى. ھالبۇكى، 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، سۇلتانلىقنىڭ بۇ زېمىنلىرى ئىچكى نىزالار سەۋەبىدىن پارچىلىنىپ كەتتى. ئاندىن برۇنېينىڭ كۈچى 19 ـ ئەسىردە تەدرىجىي ئاجىزلىدى، بولۇپمۇ 1841 ـ يىلى بورنېئونىڭ غەربىي شىمالىدىكى ساراۋاك ئەنگلىيەلىك تەۋەككۈلچى جېيمىس برۇكقا؛ برۇنېي قولتۇقىدىكى لابۇئەن ئارىلى ئەنگلىيەگە بېرىلدى. ئاخىرىدا ھازىرقى شەرقىي مالايسىيادىكى ساباھ رايونى قولدىن كەتتى.

برۇنېي 1888 ـ يىلى ئەنگلىيەنىڭ ھامىيلىقىدىكى دۆلەتكە (protectorate) ئايلاندى ۋە 1906 ـ يىلى بىر نەپەر ئەنگلىيەلىك مۇستەملىكە ئەمەلدارى تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇپ، سۇلتانمۇ ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. گەرچە برۇنېي ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما 1929 ـ يىلى نېفت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ باشلىنىشى بىلەن بۇ دۆلەتنىڭ ۋەزنى قايتىدىن ئېشىشقا باشلىدى. برۇنېي ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، يەنى 1941~1945 ـ يىللىرى ئارىسىدا

ياپونىيەنىڭ ئىشغالىيىتى ئاستىدا تۇردى. ئۇرۇشتىن كېيىن ئەنگلىيە قايتىدىن بۇ يەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى ۋە برۇنېينىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن سۆھبەت باشلاندى.

بۇ جەرياننىڭ تۇنجى قەدىمى 1959 ـ يىلى بېسىلغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولۇش ئەمەلگە ئاشقان ۋە ئەنگلىيەلىك مۇستەملىكە ئەمەلدارىنىڭ ئورنىنى ۋالىي ئالغاندى. دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە تاشقى سىياسەتكە يەنىلا ئەنگلىيە مەسئۇل ئىدى. برۇنېي 1962 ـ يىلى يازما ئاساسىي قانۇن ماقۇللاپ، ھوقۇقى چەكلىك بولغان، قىسمەن سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىققان قانۇن كېڭىشى قۇردى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا بىر قېتىملىق توپىلاڭ ـــ كېيىن ئەنگلىيە ئەسكەرلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن باستۇرۇلغان ـــ پارلامېنتلىق تۈزۈمدىكى ھۆكۈمەتكە ئۆتۈش پىلانىنى سۇغا چىلاشتۇردى. ئاندىن سۇلتان جىددىي ھالەت ئېلان قىلىپ، ئاساسىي قانۇننىڭ كۆپ قىسىم ماددىلىرىنى ۋاقىتنچە ئەمەلدىن قالدۇردى. 1965 ـ يىلى يېڭى سايلام ئۆتكۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما تەيىنلەنگەن ئەزالار يەنىلا كېڭەشتە كۆپ سانلىقنى ئىگىلىدى.

1967 ـ يىلى، سۇلتان ئۆمەر ئەلى سەيفىددىن تەختنى چوڭ ئوغلى ھەسەنال بۇلقىيە مۇئىززەددىن ۋەددەئۇللاھقا ئۆتكۈزۈپ بەردى، ئەمما ئۇ تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر ھاكىمىيەتكە قارىتا مۇئەييەن نوپۇزىنى داۋاملاشتۇردى. 1970 ـ يىللاردا برۇنېينىڭ سىياسىي تۇرمۇشى مۇقىم بولدى، بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئىقتىسادنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغانلىقى ۋە برۇنېينىڭ دۇنيادىكى (كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىم جەھەتتە) ئەڭ باي نېفىت ئىشلەپچىقارغۇچى دۆلەتلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكى ئىدى. 1979 ـ يىلى، ئەنگلىيە بىلەن برۇنېي 1984 ـ يىلى برۇنېينىڭ پۈتۈنلەي مۇستەقىل بولىدىغانلىقى ھەققىدە شەرتنامە ئىمزالاشتى. مالايسىيا بىلەن ھىندونېزىيە بىردەك ھالدا برۇنېينىڭ ئورنىنى ئېتىراپ قىلىشقا ۋەدە بەرگەچكە، سۇلتاننىڭ بۇ ئىككى چوڭ قوشنىلىرىنىڭ بىرى تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنىش ھەققىدىكى تەشۋىشى پەسەيدى.

برۇنېي 1984 ـ يىلى 1 ـ يانۋار رەسمىي مۇستەقىللىققا ئېرىشىپ، ئىسلامىي سۇلتانلىقنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. ئەزالىرى تامامەن سۇلتاننىڭ 1970 ـ يىللىرىدىكى بۇيرۇقى بىلەن تەيىنلەنگەن قانۇن كېڭىشى ۋاقىتنچە توختىتىلدى ۋە مىنىستىرلاردىن تەشكىللەنگەن ھۆكۈمەت شەكلى ماقۇللاندى. سۇلتان باش مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىدىن باشقا يەنە بىر قانچە مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىنىمۇ ئۈستىگە ئالدى. 1986 ـ يىلى 9 ـ ئايدا دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، سۇلتان مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى ۋەزىپىسىنىمۇ ئۈستىگە ئالدى ۋە كابىنېتنى كېڭەيتتى.

2014 ـ يىلى، برۇنېي زىنا ـ پاھىشە قىلغۇچىلار چالما ـ كېسەك قىلىنىدىغان ۋە مۇئەييەن مىقداردىن كۆپ نەرسىنى ئوغرىلىغۇچىنىڭ قولى كېسىلىدىغان ئىسلام شەرىئىتىنى يولغا قويغان تۇنجى شەرقىي ئاسىيا دۆلىتى بولۇپ قالدى. 2019 ـ يىلى، بېرۇنېي بەزى ئەھۋاللاردا زىنا قىلغۇچىلارنى ۋە ھەمجىنىسلارنى چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىدىغان قانۇننى تولۇق يولغا قويدى. ئەمما، كېيىن غەربتىن كەلگەن بېسىم تۈپەيلى، برۇبېي سۇلتانى كەلگۈسىدە بۇ قانۇننى ۋاقىتنچە توختىتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

## برۇنېي بىلەن شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە بەزى سېلىشتۇرمىلار

| شەرقىي تۈركىستان بۇ جەھەتتە برۇنىيدىن قانچە ھەسسە ئۈستۈن | برۇنېي | شەرقىي تۈركىستان | |
|---|---|---|---|
| تەخمىنەن 317 ھەسسە | 5765 | 1, 828, 418 | يەر كۆلىمى (كۋادرات) |
| 67~89 ھەسسە | 445 مىڭ | 30~40 مىليون (دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ مۆلچەرى) | نوپۇسى |
| 151 ھەسسە | 145 مىليون 200 مىڭ | 23.4 مىليارد تونىنا | نېفىت زاپىسى |
| 43 ھەسسە | ئۈچ مىليارد كۇب مېتىر | 13 ترىلىيون كۇب مېتىر | تەبىئىي گاز زاپىسى |

**يۇقىرىقى جەدۋەلدە كۆرسىتىلگىنىدەك شەرقىي تۈركىستان مەيلى تارىخ، كۈلتۈر، مەدەنىيەت جەھەتتە بولسۇن؛ مەيلى يەر كۆلىمى جەھەتتە بولسۇن؛ مەيلى تەبىئىي بايلىقلار، نوپۇس ۋە جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىك جەھەتلەردە بولسۇن، برۇنىيدىن مۇتلەق رەۋىشتە، يۈزلەرچە ھەسسە ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ.**

**قالدىسىنى ھەر بىر ئوقۇرمەننىڭ ئۆز ئالدىغا تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىشى تەۋسىيە قىلىنىدۇ.**

**ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى**



# باللاردىكى تارتىنچاقلىق ھەققىدە

## باللاردىكى تارتىنچاقلىق ھەققىدە

تارتىنچاق بالا ناتونۇش ئەھۋاللاردا ياكى باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلغاندا تەشۋىشلىنىدۇ ياكى قورقىدۇ. تارتىنچاق باللار باشقىلارنىڭ ئۆزىگە زەن سېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلسا، مەسىلەن ناتونۇش كىشىلەر بىلەن كۆرۈشسە ياكى باشقىلارنىڭ ئالدىدا سۆزلەشكە توغرا كەلسە، جىددىيلىشىپ كېتىش ئېھتىماللىقى يۇقىرى بولىدۇ. تارتىنچاق باللار بىرەر ئىشقا قاتنىشىشنى ئەمەس، بىر چەتتە قاراپ تۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ.

كۆپىنچە باللار گاھى ـ گاھىدا تارتىنچاق بولۇپ قالىدۇ، ئەمما بەزى باللارنىڭ ھاياتى تارتىنچاقلىقنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. زىيادە تارتىنچاق باللار چوڭ بولغاندا بۇ خىل تارتىنچاقلىقتىن قۇتۇلۇشى ياكى شۇ پېتى «تارتىنچاق چوڭ ئادەم»گە ئايلىنىشى مۇمكىن. ئاتا ـ ئانىلار باللارنىڭ يېنىك دەرىجىدىكى تارتىنچاقلىقنى يېڭىشىگە ياردەم بېرەلەيدۇ. ئەمما، تارتىنچاقلىق بەك ئېغىر بولسا، كەسپىي ياردەم تەلەپ قىلىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

### تارتىنچاقلىقنىڭ «ئەگەشمە كېسەللىكلىرى»

ئىزچىل ۋە ئېغىر تارتىنچاقلىق نۇرغۇن تەرەپلەردە باللارنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ، مەسىلەن:

ئىجتىمائىي ماھارەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ياكى مەشق قىلىش پۇرستى ئازىيىدۇ.

دوستلىرى ئاز بولىدۇ.

تەنتەربىيە قاتارلىق باشقىلار بىلەن تەسىرلىشىشنى/ئالاقە قىلىشنى (interaction) تەلەپ قىلىدىغان قىزىقارلىق ۋە مۇكاپاتلىق پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش پۇرستى ئازىيىدۇ.

تەنھالىق، ئەرزىمەسلىك تۇيغۇسى كۈچىيىدۇ ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى سۇسلايدۇ.

باشقىلارنىڭ باھاسىدىن قورققانلىقتىن، يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرالمايدۇ.

قاتتىق تەشۋىشلىنىدۇ.

قىزىرىش، كېكەچلەش ۋە تىترەش قاتارلىق كىشىنى تەشۋىشلەندۈرىدىغان قالدۇرىدىغان فىزىكىلىق ئىنكاسلار كۆرۈلىدۇ.

## تارتىنچاقلىقنىڭ ئىجابىي تەرەپلىرى

تارتىنچاقلىق بىر قاتار ئىجابىي قىلمىشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن:

تارتىنچاق باللارنىڭ مەكتەپتىكى ئىپادىسى ياخشى بولىدۇ.

تارتىنچاق باللار چاتاق تېرىمايدۇ.

تارتىنچاق باللار قارشى تەرەپنىڭ گېپىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلايدۇ.

تارتىنچاق باللارنى بېقىش ئاسان بولىدۇ.

## تارتىنچاقلىقنىڭ سەۋەبلىرى

تارتىنچاقلىقنىڭ بەزى سەۋەبلىرى (بۇلار كۆپىنچە تەڭ رول ئوينايدۇ) تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

ئىرسىيەت — ئىنسان خاراكتېرىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى مەلۇم جەھەتتىن شۇ شەخس ۋارىسلىق قىلغان گېن قۇرۇلمىسى بەلگىلەيدۇ.

مىجەز — ھېسسىيات جەھەتتە سەزگۈر ۋە ئاسان قورقىدىغان بوۋاقلارنىڭ چوڭ بولغاندا تارتىنچاق بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى يۇقىرى بولىدۇ.

ئۆگىنىلگەن قىلمىش (Learned behaviour) — باللار ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ تەسىردار ئۈلگىلىرى بولغان ئاتا ـ ئانىسىنى دوراش ئارقىلىق ئۆگىنىدۇ. تارتىنچاق ئاتا ـ ئانىلار باللىرىغا تارتىنچاقلىقنى «ئۆگىتىشى» مۇمكىن.

ئائىلە مۇناسىۋىتى — ئاتا ـ ئانىسىغا نىسبەتەن بىخەتەرلىك تۇيغۇسى يوق ياكى سىجىل غەمخورلۇقنى باشتىن كەچۈرمىگەن باللار تەشۋىشچان بولۇپ، تارتىنچاقلىق قىلمىشلىرىغا مايىل بولۇشى مۇمكىن.

باللىرنى ھەددىدىن زىيادە قوغدايدىغان ئاتا ـ ئانىلار بالىنىڭ قورۇنۇشىغا ۋە قورقۇشىغا سەۋەب بولىدۇ، بولۇپمۇ يېڭى ئەھۋاللاردا.

ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ كەمچىل بولۇشى ــــ ھاياتىنىڭ دەسلەپكى بىر قانچە يىلىدا باشقىلاردىن ئايرىۋېتىلگەن بالىنىڭ ناتونۇش كىشىلەر بىلەن بىمالال مۇئامىلە قىلىشالايدىغان ئىجتىمائىي ئىقتىدارى بولماسلىقى مۇمكىن.

قاتتىق تەنقىد ــــ ھاياتىدىكى مۇھىم كىشىلەر (ئاتا ـ ئانا، ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىل ۋە باشقا يېقىن ئائىلە ئەزالىرى ياكى دوستلىرى) تەرىپىدىن ئەخمەق قىلىنغان ياكى بوزەك قىلىنغان باللار تارتىنچاق بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

مەغلۇبىيەتتىن قورقۇش ــــ چامىسى يەتمەيدىغان ئىشلارغا قايتا ـ قايتا زورلانغان (ئاندىن «ئۆلچەمگە يېتەلمىگەن»لىكى سەۋەبلىك كۆڭلى بۇزۇلغان) باللارنىڭ مەغلۇبىيەتتىن قورقۇشى تارتىنچاقلىق سۈپىتىدە ئىپادىلىنىدۇ.

## ناچار ئايلىنىش

ئەگەر باللار ئىجتىمائىي ئەھۋاللاردا تارتىنچاقلىق قىلسا، كېيىن شۇ سەۋەبلىك ئۆزىنى ئەيىبلىشى مۇمكىن. بۇ خىل ئۆزىنى ئەيىبلەش ئۇلارنىڭ ئۆزىنى تېخىمۇ بەك تونۇشىغا ۋە ئۆزى ھەققىدە تېخىمۇ ئېنىق ھۆكۈم چىقىرىشىغا سەۋەب بولۇپ، بالىنىڭ كەلگۈسىدە تەكرار تارتىنچاقلىق قىلىش ئېھتىماللىقىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى ۋە قەدىر ـ قىممەت تۇيغۇسى تۆۋەنلەشكە باشلايدۇ. بالىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى قانچە تۆۋەن بولسا، تارتىنچاقلىق قىلىش ئېھتىماللىقى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ.

## ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پوزىتسىيەسى بەك مۇھىم

ئاتا ـ ئانىلار باللىرىنىڭ تۇرمۇشىغا ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ، ھەتتا بۇ خىل تەسىر ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ھېس قىلغىنىدىنمۇ كۈچلۈك بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھەقتىكى تەۋسىيەلەر تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بالىڭىزغا «تارتىنچاق» دەپ باھا بېرىشتىن ساقلىنىڭ. باللار (ھەتتا چوڭلار) باشقىلار ئۆزلىرىگە بەرگەن باھاغا ماس ھالدا ياشاشقا مايىلدۇر.

باشقىلارنىڭ بالىڭىزغا «تارتىنچاق» دەپ باھا بېرىشىگىمۇ يول قويماڭ.

بالىڭىز تارتىنچاقلىق قىلغاندا، ئۇنى ھەرگىز تەنقىدلىمەڭ ياكى مەسخىرە قىلماڭ. ئۇنى قوللاڭ، ھېسداشلىق قىلىڭ ۋە چۈشىنىڭ.

بالىڭىزنى نېمە ئۈچۈن تارتىنچاقلىق قىلىدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلەشكە ئىلھاملاندۇرۇڭ. ئۇلار زادى نېمىدىن قورقىدۇ؟

بالىڭىزغا ھاياتىڭىزدىكى تارتىنچاق مەزگىللىرىڭىز ۋە ئۇنى قانداق يەڭگەنلىكىڭىز ھەققىدە سۆزلەپ بېرىڭ. كىچىك باللار ھەمىشە ئاتا ـ ئانىسىنى مۇكەممەل دەپ قارايدۇ، سىز ئۆزىڭىزنىڭمۇ بىر زامانلار تارتىنچاق ئىكەنلىكىڭىزنى ئېتىراپ قىلسىڭىز، بالىڭىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى تۇيغۇسى ياخشىلىنىپ، ئەندىشىسى پەسىيىدۇ.

ئوچۇق ـ يورۇق بولۇڭ. ئۆزىگە ئىشىنىش جەھەتتە ئۈلگە بولۇڭ.

## ئاتا ـ ئانىلارغا تەۋسىيەلەر

ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى تېخىمۇ ئوچۇق ـ يورۇق بولۇشقا ئىلھاملاندۇرسا بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار قوللىنىدىغان ئىستراتېگىيەلەر ھەر بىر بالىغا ۋە ئەھۋالغا قاراپ ئۆزگەرسىمۇ، ئەمما ئورتاق تەۋسىيە قىلىشقا بولىدىغان ئىستراتېگىيەلەر تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

كۆپ يىللاردىن بۇيان تارتىنچاقلىقنى يېڭىش جەريانىدا ئۆگەنگەن تاكتىكىلىرىڭىزنى بالىڭىز بىلەن ئورتاقلىشىڭ. بۇلارنى بالىڭىز بىلەن بىللە سىناپ كۆرۈڭ.

بالىڭىزغا تارتىنچاقلىق قىلماسلىقنىڭ نۇرغۇن ئەۋزەللىكلىرى بارلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭ ۋە بۇ ھەقتە ئۆز ھاياتىڭىزدىن مىسال كەلتۈرۈڭ.

بالىڭىزنى ئوچۇق ـ يورۇق بولۇشقا ئىلھاملاندۇرۇڭ. بالىڭىز ناتونۇش ئەھۋاللارنى بىر تەرەپ قىلغاندا ياكى يېڭى كىشىلەر بىلەن كۆرۈشكەندە تارتىنچاقلىق قىلمىسا، ئۇنى ماختاشنى ئۇنۇتماڭ.

بالىڭىز بىلەن بىللە نىشان بەلگىلەپ بېقىڭ. ئاندىن كىچىك، تەدرىجىي قەدەم باسقۇچلارنى نىشانلاپ، بالىنىڭ ئىلگىرىلىگەنلىكىنى ماختاڭ. مەسىلەن، باشقا باللارغا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېيىش مۇھىم بىرىنچى قەدەم بولالايدۇ.

**بالىڭىزنى ئاڭلىق هالدا يېڭى ئەھۋاللار بىلەن ئۇچراشتۇرۇڭ. ئالدى بىلەن ھەرىكەتتىكى كىچىك ئۆزگىرىشلەرنى نىشانلاپ، تەدرىجىي هالدا نىشاننى روياپقا چىقىرىڭ. مەسىلەن، بالىڭىز يېڭى تونۇشقان كىشىلەرگە سالام بەرسە، ئۇنى مۇكاپاتلاڭ. ئۇنى قوللاڭ.**

**بالىڭىزنىڭ ئۆزى ئەڭ ياخشى قىلالايدىغان ئىشلاردا يۈكسىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىڭ. ئۇلار ئىگىلىگەن ماھارەتلىرىنى تەبرىكلەڭ.**

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://www.betterhealth.vic.gov.au/health/healthyliving/shyness-and-children#bhc-content



# خۇمارنىڭ كۈچى ۋە ھوقۇقنىڭ خۇمارى

گېيبور مېيت

# خۇمارنىڭ كۆچى ۋە ھوقۇقنىڭ خۇمارى

تىببىي پەنلەر دوكتورى گېببور مېيت

مەن كانادانىڭ ۋانكوۋېر شەھرىدە دوختۇرلۇق قىلىمەن، مەن بۇ جەريانىدا زەھەرلىك چېكىملىك خۇمارى پەۋقۇلئاددە كۈچلۈك كىشىلەر بىلەن ئۇچراشتىم. خىروئىنغا خۇمار بولغانلار كوكايىننى ئوكۇل قىلىپ ئۇرىدۇ، ھاراق ئىچىدۇ، مۇزىسمان زەھەر يەيدۇ ۋە كىشىلەرگە بىلىنگەن باشقا تۈرلۈك زەھەرلىك بۇيۇملارنى ئىستېمال قىلىدۇ. بۇ كىشىلەر ئازاب چېكىدۇ ۋە ھەممىدىن مەھرۇم قالىدۇ. ھالبۇكى، ھېچنەرسە ئۇلارنى خۇمارىدىن ياندۇرالمايدۇ، ۋاز كەچتۈرەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ خۇمارى تولىمۇ كۈچلۈك. ئەمما، سوراشقا تېگىشلىك مەسىلە شۇكى، بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟

ئەگەر خۇمار بولۇشنى چۈشەنمەكچى بولسىڭىز، خۇمار بولۇشتا نېمە چاتاق بارلىقىغا قارىسىڭىز بولمايدۇ، ئەكسىچە خۇمارنىڭ شۇ كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى يوللۇق تەرەپلىرىگە قارىشىڭىز كېرەك. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئادەم خۇماردىن زادى نېمىگە ئېرىشىدۇ؟ زەھەر چەككۈچىلەر خۇمارنى بېسىش ئارقىلىق ئاغرىقنى پەسەيتەلەيدۇ، تىنچلىق تۇيغۇسىغا، كونترول قىلىش تۇيغۇسىغا، ئەمىنلىككە ئېرىشەلەيدۇ، گەرچە بۇلارنىڭ ھەممىسى تولىمۇ قىسقا مەزگىللىك بولسىمۇ.

مەسىلە (تىنچلىق، ئەمىنلىك دېگەندەك) بۇ ئېجابىي ئامىللارنىڭ نېمىشقا ئۇلارنىڭ ھاياتىدىن يوقاپ كەتكەنلىكى، يەنى ئۇلارنىڭ بېشىغا زادى نېمە ئىش كەلگەنلىكىدۇر. خىروئىن، مورفىن، كودېين، كوكايىن، ھاراق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە «ئاغرىق توختىتىش دورىسى»دۇر. ئەنە شۇ سەۋەبتىن، بۇ نەرسىلەرگە خۇمار بولغۇچىلاردىن سورىلىدىغان توغرا سوئال «نېمىشقا خۇمار بولۇپ قالدىڭ؟» ئەمەس، بەلكى «نېمىگە ئازابلاندىڭ؟»دۇر.

مەن «خۇمار»غا «كىشىگە ۋاقىتلىق ئازادىلىك ۋە ۋاقىتلىق ھۇزۇر بېغىشلايدىغان؛ ئەمما ئۇزۇن مۇددەتتىن قارىغاندا كىشىگە زىيان سالىدىغان، بەزى سەلبىي ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان؛ ئەمما، بۇ سەلبىي ئاقىۋەتلەرگە قارىماستىن، كىشى ئۇنىڭدىن ۋاز كېچەلمەيدىغان ھەرقانداق قىلمىش» دەپ ئېنىقلىما بېرىمەن. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، سىز دۇنيادا نۇرغۇن تۈرلۈك خۇمارلار بارلىقىنى چۈشىنىۋالالايسىز. دەرۋەقە، زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ خۇمارى بار، ئەمما كىشىلەر ئىستېمالچىلىقتا، ئىنتېرنېتتا، مال سېتىۋېلىشتا، يېمەكلىككىمۇ خۇمار بولۇپ قېلىشىدۇ.

بىز ئىنسانلار ئاچ ئەرۋاھلارمىز. ھەممىمىزنىڭ ئىچىدە تولدۇرۇلۇشقا موھتاج بوشلۇقلار بار، نۇرغۇنلىرىمىز بۇ بوشلۇقنى سىرتتىن تولدۇرۇشقا تىرىشىمىز، خۇمار ئەنە شۇ بوشلۇقنى سىرتتىن تولدۇرۇش ئۇرۇنۇشىدۇر.

ئەمدى، كىشىلەرنىڭ نېمشقا ئازابلىنىدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، ئۇلارنىڭ گېنىغا ئەمەس، تۇرمۇشىغا قارىشىڭىز كېرەك. مېنىڭ خۇمارى پەۋقۇلئاددا كۈچلۈك بىمارلىرىمغا نىسبەتەن، ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئازابلىنىۋاتقانلىقى تولىمۇ ئېنىق: چۈنكى ئۇلار ئۆمۈر بويىچە خورلانغان، ئۇلار ھايات سەپىرىنى «خورلانغان بالا» سۈپىتىدە باشلىغان. مەن 12 يىل جەريانىدا داۋالىغان يۈزلىگەن ئاياللارنىڭ ھەممىسى بالىلىق چېغىدا جىنسىي خورلاشقا ئۇچرىغان. ئەرلەرمۇ روھىي زەربىگە، جىملىدىن قايتا ـ قايتا جىنسىي خورلاشقا، تاشلاپ قويۇلۇشقا، جىسمانىي خورلاشقا ۋە ھېسسىي زەربىلەرگە ئۇچرىغان. مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئازابىنىڭ سەۋەبلىرىدۇر.

بۇ يەردە «ئىنسان مېڭىسى»دىن ئىبارەت يەنە بىر نەرسە بار. ئىنسان مېڭىسى مۇھىت بىلەن ئۆزئارا تەسىرلىشىش جەريانىدا يېتىلىدۇ. مېڭە نوقۇل ھالدا گېن جەھەتتىلا پروگراممىلانغان ئەمەس. بالىلىقتىكى مۇھىت مېڭىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ خۇمار قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا خاتا چۈشەنچىلەر مەۋجۇت. ئەمەلىيەتتە، خۇمار قىلىدىغىنى نوقۇل ھالدا زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ ئۆزى ئەمەس، چۈنكى كۆپىنچە زەھەرلىك چېكىملىكنى ئىستېمال قىلىپ باققان نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭغا خۇمار بولۇپ قالمايدۇ. ئۇنداقتا مەسىلە شۇكى، نېمشقا بەزى كىشىلەر ئاسانلا خۇمار بولۇپ قالىدۇ؟ مەسىلەن، يېمەكلىك ئەسلىدە خۇمار قىلمايدۇ، ئەمما بەزى كىشىلەر ئۇنىڭغا خۇمار بولۇپ قالىدۇ؛ مال سېتىۋېلىشمۇ ئەسلىدە ئادەمنى خۇمار قىلمايدۇ، ئەمما بەزى كىشىلەر ئۇنىڭغىمۇ خۇمار بولۇپ قالىدۇ؛ تېلېۋىزور ئەسلىدە ئادەمنى خۇمار قىلمايدۇ، ئەمما بەزى كىشىلەر ئۇنىڭغىمۇ خۇمار بولۇپ قالىدۇ. ئۇنداقتا، بەزى كىشىلەرنىڭ بۇ نەرسىلەرگە ئاسانلا خۇمار بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى زادى نېمە؟

كىشىلەر نېمشقا دوپامىن ۋە ئېندورفىنغا ئوخشاش خىمىيەلىك ماددىلارنى قوبۇل قىلىشقا موھتاج بولىدۇ؟ چۈنكى، ئۇلار بالىلىق دەۋرىدە خورلاشقا ئۇچرىغاندا، ئۇلارنىڭ نېرۋا يوللىرى نورمال تەرەققىي قىلمىغان بولىدۇ. ھاياتىڭىزدا ــــ بولۇپمۇ كىچىك ۋاقتىڭىزدا ــــ مۇھەببەت ۋە رىشتە كەمچىل بولسا، مۇھىم نېرۋا يوللىرى نورمال تەرەققىي قىلالمايدۇ، يەنى خورلانغان ئەھۋالدا ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى نورمال بولمايدۇ. ئۇلار زەھەرلىك چېكىملىك چەككەندە، مېڭىسى ئاسان تەسىر ئۇچرايدۇ، ئۇلار ئەنە شۇ چاغدا ئۆزىنى نورمال، ئازابى يېنىكلىگەندەك ھېس قىلىدۇ ۋە مۇھەببەتنى ھېس قىلالايدۇ. بىر بىمار ماڭا مۇنداق دېگەنىدى: «مەن تۇنجى قېتىم خىروئىن چەككەندە، خۇددى ئانىسى تەرىپىدىن قۇچاقلانغان بالىغا ئوخشاش ئىللىقلىقنى ھېس قىلغانىدىم ... بىز بۇ روھىي جاراھەت ۋە ئازابىنى ئاڭسىز ھالدا ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ‹مىراس› قالدۇرىمىز.»

شۇنىسى ئېنىقكى، ئىنسان روھىيىتىدىكى بۇ خىل بوشلۇقنى تولدۇرۇشنىڭ سان ـ ساناقسىز ئۇسۇللىرى بار. گەرچە ھەرخىل كىشىلەردىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇشنىڭ ئۇسۇللىرى پەرقلىق بولسىمۇ، ئەمما روھىيەتتىكى بۇ خىل بوشلۇق ھەمىشە بىز كىچىك ۋاقتىمىزدا ئېرىشەلمىگەن (مېھىر ـ مۇھەببەت دېگەندەك) نەرسىلەردىن مەنبەلىنىدۇ.

بىز زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچىلەرگە: «سەن قانداقمۇ ئۆزۈڭگە بۇنداق ئىشنى راۋا كۆرىسەن؟ جېنىڭغا زامىن بولۇشى مۇمكىن بولغان بۇ قورقۇنچلۇق ماددىنى بەدىنىڭگە ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇشقا قانداقمۇ قولۇڭ باردى؟» دەيمىز، ئەمما بىز ئىنسانلارنىڭ (ئۆزىمىز ئۈچۈن خۇددى ئۆز تېنىمىزگە ئوخشاشلا، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم بولغان) يەر شارىغا نېمىلەرنى قىلغانلىقىمىزغا قاراڭ. بىز ئاتموسفېراغا، دېڭىز ـ ئوكيانلارغا، تەبىئىي مۇھىتقا ھەر خىل زەھەرلىك نەرسىلەرنى «ئوكۇل» قىلىپ ئۇرۇۋاتىمىز، بۇ نەرسىلەرنى بىزنىمۇ، يەرشارىنىمۇ ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ. ئۇنداقتا، قايسىسىنىڭ خۇمارى كۈچلۈكرەك؟ قايسىسىنىڭ زىيىنى تېخىمۇ چوڭراق؟ نېفىتكە، ئىستېمالغا بولغان خۇمارنىڭمۇ؟ ياكى زەھەرلىك چېكىملىكلەرگە بولغان خۇمارنىڭمۇ؟

6 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»دە بۇلتۇر نويابىردا ئۆلتۈرۈلگەن، ئامازون رايونىدىكى گۇارانى قەبىلىسىنىڭ رەھبىرى نىسىيو گومېس ھەققىدە بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىندى ... ئۇ ئۆز خەلقىنى يامغۇرلۇق ئورماننى، جۇملىدىن برازىلىيەدىكى يەرلىك ھىندىيانلارنىڭ ياشاش مۇھىتىنى ۋەيران قىلىۋاتقان چوڭ فېرما خوجايىنلىرى ۋە شىركەتلەردىن قوغداش يولىدا ھاياتىدىن ئايرىلغان.

ئوخشاش ئىش تارىختا كانادادىمۇ يۈز بەرگەن. مېنىڭ نۇرغۇن بىمارلىرىم كانادالىق ھىندىيانلار بولۇپ، ئۇلار زەھەرلىك چېكىملىكلەرگە ئېغىر دەرىجىدە خۇمار بولغان. ئۇلار گەرچە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ ئاز بىر قىسمىنى تەشكىل قىلسىمۇ، ئەمما تۈرمىدىكىلەرنىڭ، زەھەر چەككۈچىلەرنىڭ، روھىي كېسەللەرنىڭ ۋە ئۆلۈۋالغانلارنىڭ كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى، ئۇلارنىڭ زېمىنلىرى تارتىۋېلىنغان، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئۆلتۈرۈلگەن ۋە خورلانغان.

ئەمما، مېنىڭ سوئالىم شۇكى، سىز بۇ يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ شۇ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن زەھەرلىك چېكىملىككە ئۆگىنىپ قالغانلىقىنى چۈشىنەلەمسىز؟ ئۇلارنى شۇ ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە دۇچار قىلغان كىشىلەرنىچۇ؟ ئۇلار (يەنى ھىندىيانلارنى ئازاب ـ ئوقۇبەتكە دۇچار قىلغان ئاق تەنلىكلەر) نېمىگە خۇمار؟ شۇنداق، ئۇلار ھوقۇقتا، بايلىقتا، ئىگىلىۋېلىشتا، ئۆزىنى كۈچەيتىشكە خۇمار.

ئۇلار تېخىمۇ خۇشال ۋە كۈچلۈك بولۇش ئۈچۈن، ھوقۇققا موھتاج. شۇنداقلا، ئۇلار ئاشۇ ھوقۇقنى ئېرىشىش ۋە ئۇنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈنلا ئۇرۇش قىلىشقا، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈشكە تەشنا. ھوقۇق خۇمارى ھەمىشە كىشى سىرتتىن تولدۇرماقچى بولغان بوشلۇققا ئالاقىدار ئىشتۇر. ناپالېئون ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ، سايىنت خېلېنا ئارىلىغا سۈرگۈن قىلىنغاندىن كېيىنمۇ «مەن ھوقۇقنى سۆيىمەن، مەن ھوقۇقنى

سۆيمەن» دەپ جار سالغانىدى. ئۇ ئۆزىنى ھوقۇقسىز تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى، يەنى ئۇ سىرتقى ھوقۇقتىن مەھرۇم بولسىلا، ئۆزلۈك تۇيغۇسىنى يوقىتاتتى.

شۇڭا، مۇھتى ۋەيران قىلىنغان، كىلىماتى ئىسسىپ كېتىۋاتقان، دېڭىز ـ ئوكيانلىرى تالان ـ تاراج قىلىنغان، مۇشكۈلاتتا تولغان بۇ دۇنياغا نەزەر سالغىنىمىزدا، بىز ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئىنسانلاردىن ئىنساپ كۈتۈپ يۈرسەك بولمايدۇ. چۈنكى، شۇنداق دېيىشكە مەجبۇرمەنكى، كۆپىنچە ھاللاردا ھوقۇقدار كىشىلەر دۇنيادىكى روھىيىتى ئەڭ قۇرۇق كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ھەرگىز بىز ئۈچۈن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بەرمەيدۇ.

* ئاپتور خىروئىن خۇمارىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى كىشىلەرنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىگە باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ. لېكىن، بۇ ھەرگىزمۇ «ئازاب ـ ئوقۇبەتتە قالغان كىشى خىروئىن چەكسە بولىدۇ» دېگەنلىك ئەمەس. شۇنداقلا، خىروئىن چەككۈچىلەرنىڭ ئۇنىڭغا خۇمار بولۇپ قالىدىغانلىقى بۈگۈنكى تىبابەت دۇنياسىدا تالاش ـ تارتىشسىز قوبۇل قىلىنغان ھەقىقەت بولغاچقا، بارچە قېرىنداشلىرىمىزنى شەخسنى، ئائىلىنى ۋە جەمئىيەتنى خانىۋەيران قىلىۋېتىدىغان بۇ «ئاق ئالۋاستى»دىن قەتئىي يىراق تۇرۇشقا تەكرار ئۈندەيمىز.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://youtu.be/66cYcSak6nE


تۈگۈنلەر ۋە يېشملەر
مەسله هەل قلش: خرسلارنى
چۈشنش ۋە بر تەرەپ قلش
مونكا ۋيرمانى

# مەسلە ھەل قىلىش: خىرسلارنى چۈشىنىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش

مونىكا ۋېرمانى

**ئاچقۇچلۇق نۇقتىلار:**

مەسىلىلەر جىسمانىي ئالامەتلەر، سەلبىي پىكىرلەر ۋە ناباب قىلمىشلاردىن ئىبارەت ئۈچ خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ.

مەسىلىلەرنىڭ قانداق ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى ۋە ئەۋج ئالىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىش مەسىلىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر.

«ئۈچ پۇتلۇق ئۇستەل» ئارقىلىق ئالامەتلەرنى پەرقلەندۈرسىڭىز، مەسىلىلىرىڭىزنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلالايسىز.

تۇرمۇش ئوڭۇشلۇق بولغاندا، بىز مەسىلىلەرگە ئىجابىي نەزەردە قارايمىز ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا توغرا قارار چىقىرالايمىز. ئەمما، تۇرمۇشىمىزدا مەسىلىلەر كۆپىيىپ، سەلبىيلىك بىلەن، ئۆز-ئۆزىمىزنى چۈشەپ قويىدىغان پىكىرلەر بىلەن، ياكى ناباب ئادەت ۋە قىلمىشلار بىلەن كۈرەش قىلغىنىمىزدا، ھايات تىزگىنىدىن چىققاندەك تۇيۇلىدۇ.

**مەن كلىنىكا پسىخولوگىيە بولۇش سۈپىتىم بىلەن، «ئۈچ پۇتلۇق ئۇستەل»دىن پايدىلىنىپ، بىمارلىرىمنىڭ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىغا، قوللاشقا ئېرىشىشىگە ۋە ساقىيىشىغا ياردەم قىلىمەن. تۇرمۇشتا، گاھىدا بىزنىڭ چوقۇم توختاپ، بەدىنىمىز ۋە كاللىمىزدا نېمە ئىشلار يۈز بېرىۋاتقانلىقى ھەققىدە ئويلىنىشىمىز ۋە ئۇلارنى چۈشىنىشكە تىرىشىشىمىز ئىنتايىن مۇھىم. مېنىڭ ئۈچ پۇتلۇق ئۇستىلىم دەل شۇنداق قىلىشنىڭ چارىسى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇ مېڭلىغان كىشىلەرنىڭ ئۆزىدىكى مەسىلىلەرنى چۈشىنىشىگە ياردەم بەردى، ئۇ سىزگىمۇ ياردەم بېرەلەيدۇ. تۆۋەندە بۇ «ئۇستەل»نىڭ ئىشلەش مېخانىزمى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز.**

## مەسىلىنىڭ قانداق ئېپادىلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىش

بىز ھاياتتا يولۇققان ھەرقانداق مەسىلە جىسمانىي ئالامەتلەر، سەلبىي پىكىرلەر (بىلىش) ۋە ناباب، پاسسىپ قىلمىشلاردىن ئىبارەت ئۈچ خىل شەكىلدە ئۆزىنى نامايان قىلىدۇ. بىز ئۆزىمىزدىكى جىسمانىي ئالامەتلەرنى، شۇنداقلا ناباب قاراش ۋە قىلمىشلارنى ئېنىقلاش ئارقىلىق مەسىلىلەرنىڭ ھاياتىمىزدا قانداق ئېپادىلىنىدىغانلىقىنى ۋە قانداق ئەۋج ئالىدىغانلىقىنى تەكشۈرەلەيمىز. بىز بۇ خىل چۈشەنچە ۋە تونۇش بىلەن قوراللانغاندىن كېيىن، يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان قوللاشقا ئېرىشەلەيمىز ۋە ئاكتىپ ئۆزگىرىشلەرنى باشلىيالايمىز.

## جىسمانىي ئالامەتلەرگە تېخىمۇ يېقىندىن نەزەر سېلىش

گەپنى «ئۈچ پۇتلۇق ئۇستەل»نىڭ بىرىنچى پۇتى بولغان جىسمانىي ئالامەتتىن باشلايلى. نۇرغۇن جىسمانىي ئالامەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا بىزنىڭ ھېسسىياتىمىز سەۋەب بولىدۇ. مەسىلەن، كىشى تەشۋىشلەنگەندە، دائىم باش ئاغرىش، ئاشقازان-ئۈچەي بىئاراملىقى، مۇسكۇللارنىڭ جىددىيلىشىشى، ھارغىنلىق ۋە يۈرەكنىڭ تېز سوقۇپ كېتىشى قاتارلىق بىر قاتار ئازابلىق جىسمانىي ئالامەتلەرمۇ تەڭ كۆرۈلىدۇ. ئۇيقۇسىزلىقمۇ كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغان يەنە بىر خىل جىسمانىي ئالامەت بولۇپ، ئۇمۇ دائىم كەيپىيات بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

ئۇستەلنىڭ ئىككىنچى پۇتىغا كەلسەك، بىزنىڭ مەسىلىلىرىمىز يەنە سەلبىي، ناساغلام پىكىر ياكى تونۇش سۈپىتىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. بىز ئۆتمۈشتىكى ئازابلارنى ۋە بىزنىڭ دۇنيانى چۈشىنىشىمىزگە ۋە ئۆزىمىزنىڭ قەدىر-قىممىتىمىزگە بولغان تونۇشىمىزغا تەسىر كۆرسىتىدىغان، چوڭقۇر يىلتىز تارتقان سەلبىي چۈشەنچىلەرنى ئىچكىلەشتۈرۈۋالىمىز.

ئۆزىمىزنى قەدىرلەش تۇيغۇمىز تۆۋەن بولسا، بىزدە ھەمىشە ئۆزىمىزنى كەمسىتىش، ئۈمىدسىزلىك ياكى ئەرزىمەسلىك تۇيغۇسى، شۇنداقلا ئۆز قابىلىيىتىمىز، مۇناسىۋىتىمىز، دۇنيا ۋە پۇرسەتلەر توغرىسىدا سەلبىي پىكىرلەر پەيدا بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى ئۇستەلنىڭ ئۈچىنچى پۇتى بولغان ناباب قارار، ئەندىزە ۋە قىلمىشلاردۇر. ئادەتتە، بىز بەك كۆپ ياكى بەك ئاز يېيىش، بەك كۆپ ياكى بەك ئاز ئۇخلاش، جىسمانىي ئالامەتلەرنى پەسەيتىش ياكى پاسسىپ خىياللاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھاراق ۋە زەھەرلىك چېكىملىككە تايىنىش، غەزەپلىنىش، ئۆز-ئۆزىنى نابۇت قىلىش، سۆرەلمىلىك قىلىش، ئۆزگىگە ئەزىيەت بېرىش، خورلاش، پۇل-

پۇچەكنى بۇزۇپ چېچىش، قىمار ئويناش ياكى توختىماي بىر نەرسە سېتىۋېلىش، ئۆزىمىز ياقتۇرمايدىغان خىزمەتنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىش قاتارلىق نۇرغۇن ناساغلام، ناباب قىلمىشلار ۋە ئادەتلەر ئارقىلىق دىققىتىمىزنى بۇرايمىز ياكى ئۆزىمىزنى تىنچلاندۇرىمىز.

## بۇ «ئۇستەل»دىن پايدىلىنىڭ

قانداقلا قىينىچىلىققا يولۇقسىڭىز، ئۇلارنى بۇ ئۈچ پۇتلۇق ئۇستەلنىڭ ئۇستىگە قويۇڭ. بۇ ئۇستەلنى خىزمەتتىكى قىيىنچىلىق، ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش، باللار ياكى ياشانغان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغۇچى بولۇش، مۇناسىۋەت مۇشكۈللۈكى، كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى زىددىيەت، غەزەپ، كېسەلنى داۋالاش، (يېمەك ـ ئىچمەك، ھاراق، مال سېتىۋېلىش ۋە قىمار قاتارلىقلارغا) خۇمار بولۇپ قېلىش بولۇش، ئاستا خاراكتېرلىك ئاغرىق، پۇل مەسىلىسى، چۈشكۈنلۈك قاتارلىقلارنى، جۈملىدىن ھەرقانداق مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

بىز كۈندىلىك جىسمانىي ئالامەتلەر، سەلبىي تەپەككۇر ۋە ناساغلام ئەندىزىلەرنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالساق، نېمە قىلارىمىزنى بىلمەي تېڭىرقاپ قېلىشىمىز مۇمكىن. قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە، ئاكتىپ ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىشنىڭ بىرىنچى قەدىمى تونۇشتۇر. بىز بۇ ئۈچ پۇتلۇق ئۇستەلدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىمىزدىكى مەسىلىلەر، جىسمانىي ئالامەتلەر، سەلبىي پىكىرلەر ۋە ناباب قىلمىشلار ئارىسىدىكى باغلىنىش ھەققىدە چۈشەنچە ۋە تونۇشقا ئېرىشەلەيمىز. بۇ ئۈچ تۈردىكى ئالامەتلەرنى ئېنىقلىۋالساق، مەسىلىلەرنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىشقا باشلايمىز.

## مۇتەخەسسىسلەردىن ياردەم سوراش

كۆپىنچىمىز جىسمانىي كېسەللىك ئالامەتلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن دوختۇرغا كۆرۈنۈشكە ئادەتلەنگەن بولساقمۇ، ئەمما سەلبىي تەپەككۇر ۋە ناباب قىلمىشلارغا قارىتا نېمىلەرنى قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە ھېچقانچە مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. بۇ جەھەتتە، پسىخىكىلىق داۋالاشنى قوبۇل قىلىش ۋە روھىي ساغلاملىق مۇتەخەسسىسى بىلەن ھەمكارلىشىش ھەم ئەسلىگە كېلىش، ھەم تېخىمۇ كۈچىيىش ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىقتۇر.

مەسلەن، بىلىش قىلمىشى ئارقىلىق داۋالاش (Cognitive Behavioural Therapy) چارىنى ئاساس قىلغان داۋالاش ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ بۇرمىلانغان تونۇشىمىزغا ۋە تەپەككۇرىمىزغا خىرىس قىلىش ۋە ئۇلارنى قايتىدىن شەكىللەندۈرۈش ئارقىلىق ناباپ تەپەككۇر مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ. ئۇ يەنە ناباپ قىلمىش، قارار ۋە ئادەتلەرنى ئاستا ـ ئاستا تېخىمۇ ساغلام، تېخىمۇ مۇۋاپىق قىلمىشقا ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئاكتىپ ئۆزگىرىشكە تۈرتكە بولىدۇ.

مەسىلىلەرنىڭ قانداق پەيدا بولىدىغانلىقى ۋە ئېغىرلىشىدىغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنسەك ۋە تونۇپ يەتسەك، ھاياتتىكى خىرىسلارغا تېخىمۇ ياخشى تاقابىل تۇرالايمىز. بىز ئۆزىمىزنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىمىزغا دىققەت قىلىپ، ئۆزگىرىش زۆرۈر بولغان ئەھۋاللاردا ئىجابىي ئۆزگىرىشلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىمىز كېرەك.

ئىجابىي ئۆزگىرىشنىڭ، شۇنداقلا جىسمانىي ئالامەتلەرنى ۋە كىشىنى بىئارام قىلىدىغان تەپەككۇر ۋە قىلمىش مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشنىڭ بىرىنچى قەدىمى تونۇشتۇر. بىز بۇ خىل تونۇش ئارقىلىق مەسىلىلىرىمىزگە دادىل تاقابىل تۇرۇش ئارقىلىق ئاكتىپ ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىشقا باشلايمىز.

## مەسىلىلىرىڭىزنى ئۇستەلگە قويۇڭ

تۆۋەندىكى سەۋەبلەر تۈپەيلى ئاۋارىچىلىق ياكى بېسىم ھېس قىلغىنىڭىزدا، تونۇشىڭىزنى كۆچەيتىشكە تىرىشىسىڭىز بولىدۇ:

كىشىنى بىئارام قىلىدىغان جىسمانىي/فىزئولوگىيىلىك ئالامەتلىرىڭىزنىڭ، سەلبىي پىكىرلىرىڭىزنىڭ، ناباپ قىلمىش، تاللاش ۋە ئەندىزىلىرىڭىزنىڭ تىزىملىكىنى تۈرغۇزۇڭ.

ھاياتىڭىزدىكى ئىجابىي ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان تەرەپلەرنى ئويلاڭ.

ئۆزىڭىزدىكى جىسمانىي ئالامەتلەرنى، سەلبىي پىكىرلەرنى ۋە ناباپ قىلمىشلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر ياردەمنى قولغا كەلتۈرۈشكە بەل باغلاڭ.

نۇقسانلىق تەپەككۇر ۋە قىلمىشلارنى، شۇنداقلا جىسمانىي ئالامەتلەرنى تۈگىتىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان مەنبەلەرنى قولغا كەلتۈرۈڭ.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://www.psychologytoday.com/intl/blog/a-deeper-wellness/202307/problem-solving-understanding-and-dealing-with-challenges



# مەن ئىسلامنى قانداق تاپتىم؟

# مەن ئىسلامنى قانداق تاپتىم؟

ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان ياپون قىزنىڭ ھېكايىسى

مەن يېقىندا كونكرېت بىرەر سەۋەبتىن خالىي ھالدا ئىسلام دىنىغا كىرگەن ياپونىيەلىك ئاياللارنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقانلىقىنى بايقىدىم. بىر تۈركۈم ياپونىيەلىك ئاياللار مۇسۇلمان ئەرلەر بىلەن توي قىلىش سەۋەبلىك ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان بولسا، يەنە بىر قىسىم ئاياللارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشىنىڭ نىكاھ بىلەن ئالاقىسى يوق ئىكەن. مەن دەل نىكاھتىن باشقا سەۋەبلەر بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرگەن مۇشۇ خىل ئاياللارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن، ئوساكادىكى «ياپون دەۋەت مەركىزى»نى زىيارەت قىلدىم ۋە يېقىندا ئىسلامغا كىرگەن مايا سان (Maaya ـ san) بىلەن سۆھبەتلەشتىم.

«ياپونىيە ئىسلامغا دەۋەت گۇرۇپپىسى»نىڭ مەسئۇلى زۇلقەرنەيىن ھەسەن بەسرىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ مەركەز ياپونىيەدە ئىسلام دىنىغا بولغان بىر تەرەپلىمە قاراشنى تۈگىتىشنى مەقسەت قىلغان تۈنجى مۇئەسسەسەدۇر. دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكىگە ئوخشاشلا، ياپونىيەدىمۇ ئىسلام دىنىغا قارىتا ئېغىر بىر تەرەپلىمە قاراش مەۋجۇت بولۇپ، جۇملىدىن ياپونىيەلىكلەر «ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ» دەپ قارايدۇ. شۇ ۋەجىدىن، «ياپون دەۋەت مەركىزى» بۇ خىل ئەھۋالغا قارىتا، ئىسلام دىنىدا ئاياللارنىڭ نە قەدەر ئۈستۈن ئورۇنغا، ئىززەت ـ ھۆرمەتكە ۋە ھەق ـ ھوقۇقلارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى دەلىللەر بىلەن چۈشەندۈرىدۇ.

«ياپونىيە ئىسلامغا دەۋەت گۇرۇپپىسى»نىڭ كۈندىلىك پائالىيەتلىرىگە كەلسەك، بۇ مەركەزدە ياپونىيە پۇقرالىرىغا ھالال تائاملارنى تونۇشتۇرۇش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلىدۇ ۋە تاماق جەريانىدا كىشىلەرنىڭ ئىسلام ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرى سورىلىدۇ ھەمدە شۇنىڭغا قارىتا ئۇلارغا تۈرلۈك ئىسلامىي پرىنسىپلار ھەققىدە چۈشەنچە بېرىلىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ مەركەز ئاساسلىقى مۇسۇلمان بولمىغان كىشىلەرنىڭ زىيارەت قىلىشى ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان.

تۆۋەندە مايا سان بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتنىڭ مەزمۇنىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمەن.

***

رىياسەتچى: ئۆزىڭىزنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەمسىز؟

مايا سان: مېنىڭ ئىسمىم مايا فۇجى، ئىسلامىي ئىسمىم مەدىھە.

رىياسەتچى: سىزنىڭ تۇنجى قېتىم ئىسلام ھەققىدە ئۇچۇرغا ئېرىشكەن ۋاقتىڭىز قاچان؟

مايا سان: مەن بالىلىق چاغلىرىمدىلا ئىسلام دەپ بىر دىنىنىڭ بارلىقىنى بىلەتتىم-يۇ، لېكىن بۇ خۇسۇستا ھېچقانچە مەلۇماتىم يوق بولغاچقا، ئىسلامغا يامان نەزەردە قارايتتىم. چۈنكى، ياپونىيە تاراتقۇلىرى «ئىسلام دېمەك — تېرورلۇق دېمەكتۇر» دەپ تەشۋىق قىلغاچقا، كۆپىنچە ياپونلار ئىسلام ھەققىدە خاتا چۈشەنچىگە ئىگە. مەسىلەن، تاراتقۇلار «ISIS»نى «ئىسلامىي تېرورلۇق تەشكىلاتى» دەپ تونۇشتۇرۇپ كەلدى. لېكىن، مەن كېيىن بۇ تەشكىلاتنىڭ ئىسلام بىلەن ھېچبىر ئالاقىسى يوقلۇقىنى، ئۇلارنىڭ ئىسلامنىڭ نامىنى سۇيىئىستېمال قىلغانلىقىنى بىلدىم.

دەسلەپتە مەن ئىسلامنى قورقۇنچلۇق دىن دەپ قارايتتىم. ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ تۆتىنچى يىللىقىدىكى چېغىمدا، مەن «ياپون دەۋەت مەركىزى»گە كەلدىم. مەن بۇ يەردە كىشىلەرنىڭ سۆھبەتلىرىگە قۇلاق سالغاندىن كېيىن، ئىسلامنىڭ قانداقتۇر قورقۇنچلۇق دىن ئەمەسلىكىنى، ئەكسىچە ئۇنىڭ ئىنتايىن ياخشى دىن ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. مېنىڭ ئىلگىرى بۇنداق ئويلىشىمدىكى (يەنى ئىسلام دىنىغا يامان نەزەردە قارىشىمدىكى) سەۋەبلەردىن بىرى شۇكى، ياپونىيەدە ئويدۇرما رەزىل دىنلار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، بۇ دىنىنىڭ ئەجادچىلىرى مۇرتلىرىدىن پۇل توپلايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىسلام موھتاجلارغا ياردەم قىلىدىكەن، يەنى بايلار «زاكات» سىستېمىسى ئارقىلىق پېقىرلارغا سەدىقە (زاكات) بېرىدىكەن، مەن بۇنداق بىر سىستېمىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلگەندىن كېيىن، بۇنى تولىمۇ قالتىس ئىشكەن دەپ ئويلىدىم.

*قىستۇرما ئۇچۇر: 1970-يىلى ياپونىيەدە ئاران ئىككىلا مەسچىت بار ئىدى، بۇ سان 2001-يىلى 24 كە، 2017-يىلى توقسانغا چىققان بولۇپ، ھازىر ياپونىيەدە جەمئىي 115 مەسچىت بار. بۇ ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىنىڭ ياپونىيەدە تېز سۈرئەتتە كۈچەيگەنلىكىنىڭ بىۋاستە پاكىتلىرىدىن بىرىدۇر.

رىياسەتچى: سىز نېمىشقا ئىسلام دىنىغا كىردىڭىز؟

مايا سان: دەسلەپتە مەن ياپونىيەدە ئىسلامغا دىنىغا كىرىۋاتقانلارنىڭ يىلدىن يىلغا كۆپىيىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم ـ دە، يېڭى نەرسە ئۆگىنىپ قويۇشنىڭ زىيىنى يوق دەپ ئويلاپ، ئىسلام ھەققىدە مەلۇمات ئىگىلەشكە باشلىدىم ۋە «ياپون دەۋەت مەركىزى»دە پراكتىكا قىلدىم. ھالبۇكى، مەن دەسلەپتە ئىسلام دىنىنى ئۆگىنىشكە باشلىغاندا، بۇ دىنغا قارىتا قىسمەن مايىللىقىم بولسىمۇ، ئەمما ئىسلام دىنىغا كىرىش خىيالىم يوق ئىدى. مەن دەسلەپتە ئىسلام دىنىنى ئۆگىنىشتە، پەقەت مۇسۇلمانلارغا پايدىسى يېتىدىغان بەزى ئىشلارنى قىلىشنىلا ئويلىغانىدىم.

مەن ئىسلام دىنى ھەققىدە ئالاھەزەل ئالتە ـ يەتتە ئاي ئىزدەنگەندىن كېيىن، بىر كۈنى ئاپام كۆكتات بىلەن چوشقا گۆشى ئارىلاشتۇرۇلغان تاماقنى ئالدىمغا قويدى. مەن ئىلگىرى چوشقا گۆشى يېيىشنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتىم، ئەمما شۇ قېتىم چوشقا گۆشى يېگەندە تولىمۇ بىئارام بولدۇم ۋە بۇنىڭدىن ئاجايىپ ھەيران قالدىم. «بۇنىڭ تەمى نېمىشقا بۇنچە ناچار؟» دەپ ئويلىدىم. ئاندىن، «شۇ تاماقتا ئىشلىتىلگەن چوشقا گۆشى راستىلا ناچارمىدى ياكى بۇ مېنىڭ ئىسلام دىنى ھەققىدە ئىزدىنىۋاتقانلىقىمنىڭ سەۋەبىدىنمۇ؟» دەپ ئويلىنىشقا باشلىدىم. لېكىن، شۇنىڭدىن كېيىن قەتئىي چوشقا گۆشى يېگۈم كەلمىدى. ھالبۇكى، شۇ چاغدىمۇ يەنىلا ئىسلام دىنىغا كىرىش نىيىتىم يوق ئىدى. ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، مەن ئىسلامغا كىرىشىمگە سەۋەب بولغان بىر چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە ئۇنىۋېرسىتېتتىكى يېقىن ئىككى دوستۇم ئۆلۈپ كەتتى. چۈشۈمدە دوستلىرىمدىن بىرى «مېنىڭ جېنىمنى ئېلىش ئۈچۈن شەيتان يېنىمغا كەلدى» دەۋاتقۇدەك، ئاندىن ئەتراپتىن ئوت يالقۇنلىرى ئۆرلەپ، ئارقىدىنلا ئۇ دوستۇم ئوتنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. مەن قورققىنىمدىن ئويغىنىپ كەتتىم ـ دە، «بۇ ئاللاھنىڭ ماڭا بەرگەن بېشارىتى بولسا كېرەك، ئاللاھ ماڭا: ‹ئەگەر سەن مۇشۇ ھالىتىڭدە، ئاللىقانداق سەۋەب بىلەن ئۆلۈپ كەتسەڭ، ئاقىۋىتىڭ ئەنە شۇنداق بولىدۇ› دەۋاتامدۇ، قانداق؟» دەپ ئويلىدىم. مەن مۇسۇلمانلار بىلەن پاراڭلىشىش ئارقىلىق بۇنىڭ «ھىدايەت» (يېتەكلىنىش) دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى بىلدىم. شۇنىڭ بىلەن، ئىسلام دىنىغا كىرىشنى قارار قىلدىم.

رىياسەتچى: ئۇنداقتا سىز مۇسۇلمان بولغاندا، ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىڭىز ۋە دوستلىرىڭىز بۇنىڭغا قانداق ئىنكاس قايتۇردى؟

مايا سان: ئائىلەمگە كەلسەك، مەن ئاپام بىلەن بىللە ياشايمەن. دەسلەپتە، بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا ئېيتقۇم كەلمىدى. لېكىن، كېيىنچە تاماق جەھەتتە مەسىلە كۆرۈلۈشكە باشلىدى. مەن چۈشلۈك ۋە كەچلىك تاماقلارنى سىرتتا يېگەن تەقدىردىمۇ، ناشتىنى ئۆيدە قىلماي ئامالىم يوق ئىدى. بىز ئادەتتە ناشتىدا چوشقا پاچىقى بىلەن سالات يەيتتۇق. ئەمما، دەسلەپتە ئاپامغا بۇ توغرىسىدا ئېغىز ئاچالمىدىم. ئەمما، مېنىڭ چوشقا پاچىقى يېگۈم يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئاپام دىققەت قىلمىغاندا چوشقا گۆشىنى بىر نەرسىگە

ئوراپ، كېيىن ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋېتىدىغان بولدۇم. مەن مۇسۇلمان بولۇپ، ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئاندىن بۇ ھەقتە ئاپامغا ئېغىز ئاچتىم. ئاپام بۇنىڭدىن ھاڭ ـ تاڭ قالدى ۋە قاتتىق يىغلىدى. ماڭا: «نېمىشقا ئۇنداق قىلدىڭىز؟ سىز ئۆزگىرىپ كېتىپسىز» دېدى. مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ ھىجاب قاتارلىق مەسىلىلەردىكى كۆز قارىشىم ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، ئەمما خاراكتېرىمنىڭ ئۆزگەرمىگەنلىكىنى ئېيتتىم. ئەمما، ئۇ دەسلەپتە يەنىلا بۇنى قوبۇل قىلالمىدى. ئۇ مېنى ئاستا ـ ئاستا قوبۇل قىلىۋاتىدۇ، ئاپام مېنى ھېلىھەم تولۇق قوبۇل قىلالمىغان بولسىمۇ، ئەمما مېنى ئاز ـ ئازدىن بولسىمۇ چۈشىنىشكە تىرىشىۋاتىدۇ. ئۇ مەندىن نېمىلەرنى يېسەم بولمايدىغانلىقىنى سورىدى ۋە قولىدىن كېلىشىچە ھالال تاماقلارنى ئېتىشكە تىرىشتى.

دوستلىرىمغا كەلسەك، مۇسۇلمان بولغانلىقىمنى، شۇڭا پەقەت ھالال تاماقلارنىلا يەيدىغانلىقىمنى، ھاراق ئىچسەم بولمايدىغانلىقىنى ئۇلارغا بىر ـ بىرلەپ ئېيتىش بەسى مۈشكۈل ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئىنستاگرامغا مۇسۇلمان بولغانلىقىم ھەققىدە يازما يوللىدىم. دوستلىرىم تولىمۇ ياخشى ئىنكاس قايتۇردى. مەسىلەن، ئىلگىرى مەن ۋاسكېتبول كۇلۇبىنىڭ ئەزاسى ئىدىم، شۇ كۇلۇبتىكى بىر تونۇشۇم مېنىڭ ئىسلام ھەققىدە ياخشى مەزمۇنلارنى ھەمبەھىرلىگەنلىكىمگە رەھمەت ئېيتتى. ھالبۇكى، ئۇ مۇسۇلمان ئەمەس ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن نېمىشقا رەھمەت ئېيتقانلىقىنى سورىۋىدىم، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلگىرى ئامېرىكاغا بارغانلىقى ۋە ئۇ يەردە نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنى كۆرگەنلىكىنى؛ بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا تولىمۇ ياخشى، ئېسىل ئادەملەر ئىكەنلىكىنى، ئەمما ياپونىيەدە كىشىلەرنىڭ ئىسلامغا خاتا نەزەردە قاراپ، مۇسۇلمانلارنى «قورقۇنچلۇق تېرورچى» دەپ قاراۋاتقانلىقىنى، ئەمما ئۆزى مۇسۇلمان بولمىغاچقا، بۇ ھەقتە بىر نەرسە دېمىگەنلىكىنى، شۇڭا مەن ھەمبەھىرلىگەن مەزمۇنلار ئۈچۈن تەشەككۈر ئېيتقانلىقىنى بىلدۈردى.

بۇ جەرياندىكى كۈتۈلمىگەن يەنە بىر ئىش شۇ بولدىكى، تاغام، يەنى دادامنىڭ ئىنىسى مېنىڭ ئىنستاگرامدىكى يوللانمامنى كۆرۈپ، مۇسۇلمان بولغانلىقىمدىن خەۋەر تېپىپتۇ ۋە بۇ ئىشنى دادامغا يەتكۈزۈپتۇ. ئاندىن، دادام ماڭا تولىمۇ ئۇزۇن بىر پارچە ئۇچۇر يازدى ۋە «بۇ خۇسۇستا يۈز تۇرانە كۆرۈشۈپ پاراڭلىشايلى» دېدى. (كۆرۈشكەندىن كېيىن بولسا) دادام بىلەن تاغام ئىككىسى ماڭا ۋارقىراپ ـ جارقىراپ كەتتى. ئۇ ئەقلىنى يوقاتقاندەك قىلاتتى. دادام ماڭا ئاپامدىنمۇ قاتتىق خاپا بولدى. دادام بىلەن تاغام ئىككىسى بىر بولۇپ ماڭا تاپا ـ تەنە قىلدى. ئۇلار مەندىن: «سەن ئائىلەڭدىن ۋاز كەچتىڭمۇ؟ سەن ياپون ئەمەسمۇ؟» دەپ سورىدى. ھالبۇكى، مەن ياپونلۇق كىملىكىمدىن ۋە ئائىلەمدىن ۋاز كەچمىگەنىدىم. بىزنىڭ ئائىلىدىكىلەر ئەسلىدە بۇددىست ئىدى. لېكىن، مەنچە ئائىلەمدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بۇددىزمغىمۇ ھەقىقىي ئېتىقاد قىلمايتتى. دادام ئۆزىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى تولىمۇ چوڭ بىلىدىغانلىقىنى ئېيتاتتى. ياپونلاردا ئۆلۈپ كەتكەن ئەجدادلىرىنى چوڭ بىلىدىغان، ھەتتا شۇلارغا ئىبادەت قىلىدىغان ئادەت بار. بوۋام (يەنى دادامنىڭ دادىسى) ئۆلۈپ كەتكەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، دادام: «سەن بوۋاڭنىڭ روھىغا سالام قىلمامسەن؟ ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلمامسەن؟» دەپ ماڭا كايىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ نېمىشقا كايىۋاتقانلىقىنى بىلەتتىم، چۈنكى دادام ئىسلامنى چۈشەنمەيتتى. ئۇ ھەقىقەتەن قىيىن كۈنلەر ئىدى. مېنىڭ قانداقلا چۈشەندۈرۈشۈمدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار دېگەنلىرىمنى چۈشەنمەيتتى.

رىياسەتچى: مايا، سىزچە ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن، ھاياتىڭىزدا قانداق ئۆزگىرىشلەر بولدى؟

مايا: مەن ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن ... ئەلۋەتتە، مەن ئىلگىرى پەقەتلا ھىجابلىنىپ باقمىغانىدىم. مەن بېشىمغا رومال ئارتتىم، پىژغىرىم ياز كۈنلىرىدىمۇ مۇشۇنداق ئۇزۇن كىيىملەرنى كىيدىم. ئىلگىرى مەن بەدىنىمنى يېپىشنى پەقەتلا ئويلاپ باقمىغانىدىم. مۇسۇلمان بولغىنىمدىن كېيىن تۇنجى يازغا دۇچ كەلدىم. ھىجاب قىشتا بەدەننى ئىسسىق تۇتقان بىلەن، يازدا ئادەمنى خېلىلا ئىسسىتاتتى. شۇڭا، ھىجابقا ئادەتلىنىشىمگە بىر ئاز ۋاقىت كەتتى. لېكىن، مەن يېقىندا مالايسىيادا يېرىم يىل تۇرۇپ كەلدىم. ئۇ يەر يىلبويى تولىمۇ ئىسسىق ئىدى. مەن ئاستا ـ ئاستا ھىجابقا كۆنۈپ قالدىم.

ئۆزگەرگەن نەرسىلەردىن يەنە بىرى ئەلۋەتتە تاماق بولدى. مەن ئىلگىرى ھەرقانداق نەرسىنى يەۋېرەتتىم، لېكىن ھازىر ئۇنداق قىلالمايمەن. ياپونىيەدە مەن يېسەم بولمايدىغان نەرسىلەر بەكلا كۆپ. چۈنكى، ياپونىيەدە دېڭىز مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەييارلانغان تاماقلارغىمۇ تەركىبىدە چوشقا گۆشى بار ماتېرىياللار، مەسىلەن گېلاتىن (gelatine) ئىشلىتىلىدۇ. شۇڭا، بۇ يەردە مەن بىمالال يېيەلەيدىغان نەرسىلەر يوقنىڭ ئورنىدا. بۇنىڭ ئەكسىچە، مالايسىيادا كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى مۇسۇلمان بولغاچقا، تاماقلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ھالال ئىكەن. مەنچە بەزى دۆلەتلەردە ھالال تاماقلار كۆپرەك، بەزى دۆلەتلەردە ئازراق بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، ياپونىيەدە «ھالال تاماق»قا بولغان تونۇش ھېلىھەم بەك تۆۋەن. چوشقا گۆشى بىز (يەنى مۇسۇلمانلار) يېسەك بولمايدىغان بىردىنبىر نەرسە ئەمەس، كالا ۋە توخۇ گۆشلىرىمۇ چوقۇم ئىسلامغا ئۇيغۇن شەكىلدە (يەنى مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن، ئاللاھنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىپ تۇرۇلۇپ) بوغۇزلىنىشى كېرەك. بولمىسا، بىز بۇ گۆشلەرنىمۇ يېسەك بولمايدۇ.

رىياسەتچى: سىز كۈندە قانچە ۋاخ ناماز ئوقۇيسىز؟

مايا سان: پەيغەمبىرىمىز بىزنى كۈندە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇغان. بۇنىڭدىن سىرت، شۇ نامازلارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئوقۇيدىغان (نەپلە) نامازلارمۇ بار. شۇڭا مەن كۈندە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇيمەن.

رىياسەتچى: ناماز ئوقۇش سىزگە تەسكە توختامدۇ؟

مايا سان: دەسلەپتە ھەقىقەتەن تەسكە توختىغانىدى. چۈنكى، مەن دەسلەپتە بۇ ھەقتە ھېچنەرسە بىلمەيتتىم. مەنچە بەزىلەر مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرى ناماز توغرىسىدا ئانچە ـ مۇنچە مەلۇمات توپلايدۇ. ئەمما، مەن تاكى مۇسۇلمان بولغانغا قەدەر ناماز ھەققىدە بىر نەرسە ئۆگىنىشنى ئويلاپ باقمىغانىدىم. مەن مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، نامازنى نۆلدىن باشلاپ ئۆگەندىم. ئالدى بىلەن، ھەممە سۆزلەر ئەرەبچە

ئىدى، لېكىن مەن ئەرەبچە بىلمەيتتىم. نامازدا قەيەردە قانداق ھەرىكەت قىلىش كېرەكلىكىنىمۇ بىلمەيتتىم. شۇڭا، دەسلەپتە ھەقىقەتەن تەسكە توختىدى. ئاندىن، مەن نامازدىكى سۆزلەرنىڭ ئوقۇلۇشىنى ئىنگلىزچە يېزىۋېلىپ، جەينامازغا قويۇۋالدىم ۋە شۇنىڭغا قاراپ ناماز ئوقۇدۇم.

* قىستۇرما ئۇچۇر: «پيۇ تەتقىقات مەركىزى»گە كۆرە، 2010 ـ يىلى ياپونىيەدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 185 مىڭغا يەتكەن.

رىياسەتچى: سىزچە ياپونىيەدە مۇسۇلمانلارنى كەمسىتىدىغان ئەھۋال بارمۇ؟

مايا سان: شەخسەن مەن پاراكەندىچىلىككە ئۇچراپ باقمىدىم. لېكىن، مەن مالايسىيالىق مۇسۇلمان دوستىمدىن شۇنداق ئىشلارنى ئاڭلىدىم. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ مېترودا كېتىۋاتقاندا، بىر قانچەيلەن ئۇنىڭ كىيىمگە قالايمىقان نەرسىلەرنى سىزىپ قويۇپتۇ ۋە ئۇنىڭغا: «يوقال، مەينەت» دەپتۇ. بۇ گەپنى دېگۈچى ئوتتۇرا ياشلىق ئايال ئىكەن. مەنچە، ياشانغانلار ئىسلام ھەققىدە ھېچقانچە مەلۇماتقا ئىگە بولمىغاچقا، ئىسلام دىنىغا بىر تەرەپلىمە، يامان نەزەردە قارايدۇ. بىزنىڭ يېشىمىزدىكىلەر بولسا خېلى كۆچلۈك ئېلاستىكىلىققا ئىگە. چۈنكى، ئۇلار دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئۇچرىشىپ باققان. مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ياشلار ئارىسىدا كەمسىتىلىشكە ئۇچرىغانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىدىم.

رىياسەتچى: بۇ يىل رامزاندا روزا تۇتتىڭىزمۇ؟ بۇ ھەقتىكى تەسىراتىڭىز قانداقراق؟

مايا سان: بۇ مەن مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىنكى ئىككىنچى قېتىملىق رامزان. مەن مۇسۇلمان بولۇپ ئالتە ئايدىن كېيىن تۇنجى رامزاننى كۈتۈۋالغانىدىم. مەن شۇنىڭدىن ئىلگىرى روزا تۇتۇشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى پەقەتلا باشتىن كەچۈرۈپ باقمىغاچقا، سەل ئەنسىرىگەن ۋە «يېمەي ـ ئىچمەي 12~13 سائەت قانداق چىدارمەن؟» دەپ ئويلىغانىدىم. شۇڭا، مەن رامزان يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى ئانچە ـ مۇنچە مەشىق قىلىپ باقتىم. مەسىلەن، بىر قېتىم توققۇز سائەتكىچە ھېچنەرسە يەپ ـ ئىچمىدىم. ئەتىسى ئون سائەت، ئۆگۈنى 11 سائەت بىر نەرسە يەپ ـ ئىچمىدىم. لېكىن، بۇ ماڭا ئانچە قىيىن تۇيۇلمىدى ـ يۇ، تۇنجى قېتىملىق رامزاندا بەدىنىمدە يەنىلا بەزى كۆنەلمەسلىك ئالامەتلىرى كۆرۈلدى، ئاشقازىنىم بىئارام بولدى، قەۋزىيەت بولۇپ قالدىم. ھالبۇكى، بىر ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇتقۇچىسى (ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئوزۇقلۇقشۇناس) رامزاندىن كېيىن بىزگە مۇسۇلمانلارنىڭ بەدىنىدە قانداق ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، رامزاندىن كېيىن كىشىنىڭ بەدىنى ئاجايىپ ساغلاملىشىپ كېتىدىكەن. جۈملىدىن، بەدەن ئېغىرلىقى تۆۋەنلەپ، مۇسكۇللارنىڭ ماسسىسى ئاشىدىكەن. بۇ پروفېسسور بىزنىڭ

**بەدەن ئېغىرلىقىمىز ۋە مۇسكۇل ماسسىمىزنى بىر قانچە يىل ئۆلچەپ، بۇ قاراشنىڭ توغرىلىقىنى يەنە بىر قېتىم دەلىللىدى.**

**ئاخىرىدا مايا سان ئۆزىنىڭ كەلگۈسى پىلانلىرى ھەققىدە مۇنداق دېدى: مەن مالايسىياغا بېرىپ، ئىسلامىي بىلىملەرنى ئۆگەنمەكچى بولۇۋاتىمەن. ياپونىيەدە ئىسلامغا ئائىت نەرسىلەر بەكلا ئاز. كېيىنچە، مەن مالايسىيادىن ئىسلامغا ئالاقىدار نەرسىلەرنى ياپونىيەگە ئىمپورت قىلىشنى ئويلىشىۋاتىمەن. مەن ياپونىيەدىكى مۇسۇلمانلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن قولۇمدىن كېلىشىچە كۆچەيمەن.**

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://youtu.be/_G-zNzLMNYY

# خىتاي ئامېرىكا بىلەن بولغان تېخنولوگىيە ئۇرۇشىدا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى



گرىگورىي ئالىن

# خىتاي ئامېرىكا بىلەن بولغان تېخنولوگىيە ئۇرۇشىدا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى

گرېگورىي ئالېن

ئىستراتېگىيەلىك ۋە خەلقئارالىق تەتقىقات مەركىزى «سۈنئىي ئىدراك ئارقىلىق ئىدارە قىلىش پروجېكتى»نىڭ مۇدىرى. ئىلگىرى ئۇ ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ بىرلەشمە سۈنئىي ئىدراك مەركىزىدە ئىستراتېگىيە ۋە سىياسەت دىرېكتورى بولغان

**2022-يىلىدىكى ئىككى پەيتنىڭ گېئوپولىتىكا تارىخىدا چوڭقۇر ئىزنالارنى قالدۇرىدىغانلىقى شەكسىز. بىرىنچىسى، رۇسىيەنىڭ 24-فېۋرال ئۇكرائىناغا تاجاۋۇز قىلغانلىقى بولۇپ، بۇ ھەقتە ئارتۇق توختىلىشنىڭ پەقەتلا ھاجىتى يوق. ئىككىنچىسى 2022-يىلى 10-ئاينىڭ 7-كۈنى بولۇپ، بۇ كۈنى ئامېرىكا خىتاينىڭ سۈنئىي ئىدراك تېخنولوگىيىسى جەھەتتىكى تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىشنى مەقسەت قىلغان يېڭى بىر يۈرۈش ئېكسپورت چەكلىمىلىرىنى يولغا قويدى. بۇ قېتىملىق ئېكسپورت چەكلىمىلىرى سۈنئىي ئىدراك يۇمشاق دېتالىنى نىشانلاشنىڭ ئورنىغا، خىتاينىڭ سۈنئىي ئىدراكىنىڭ كۈچ مەنبەسى بولغان ئىلغار (پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئامېرىكا لايىھەلىگەن) كومپيۇتېر ئۆزەكلىرىگە ئېرىشىش ئىمكانىيىتىنى يوققا چىقاردى. ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، سۈنئىي ئىدراك تېخنولوگىيىسىدىكى بۆسۈشلەر خىتاي ۋە ئامېرىكانىڭ تەدبىر بەلگىلىگۈچىلىرىنى سۈنئىي ئىدراك تېخنولوگىيىسىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇشنىڭ كېلەچەكتىكى ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي كۈچنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈردى. 10-ئاينىڭ 7-كۈنى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ سۈنئىي ئىدراك بىلەن قوراللانغان دەرىجىدىن تاشقىرى مۇستەبىت دۆلەتكە ئايلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا قەسەمياد قىلدى.**

**2023-يىلى 3-ئايدا، ياپونىيە بىلەن گوللاندىيەمۇ ئىلغار يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىگە قارىتا يېڭى ئېكسپورت چەكلىمىلىرىنى ئېلان قىلغاندا، خىتاينىڭ ئىشلىرى تېخىمۇ قىيىنلاشتى. ئامېرىكا، ياپونىيە ۋە گوللاندىيە بىرلىكتە دۇنيادىكى كومپيۇتېر ئۆزەك زاۋۇتىدا ئىشلىتىلىدىغان ئۈسكۈنىلەرنىڭ توقسان پىرسەنتىنى تەمىنلەيدۇ. ھازىر بۇ ئۈچىلا دۆلەت ئىلغار يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىگە قارىتا قاتتىق ئېكسپورت چەكلىمىسى قويغاچقا، خىتاي ئەمدى ئامېرىكانىڭ ئۆزەكلىرىنى ئەمەس، بەلكى شۇ ئۆزەكلەرنى ياساش ئۈچۈن كېرەكلىك ئۈسكۈنىلەرنىمۇ سېتىۋالالمايدۇ.**

**بۇلتۇر 10-ئاينىڭ 7-كۈنىدىن كېيىنكى بىر نەچچە ئاي ئىچىدە، جاھان ئەھلى خىتاينىڭ ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىدىن قانداق ئۆچ ئالىدىغانلىقىنى كۈتۈپ تۇردى، چۈنكى خىتاي دىپلوماتلىرى بۇ**

ھەقتە قايتا ـ قايتا پوپوزا قىلغان، 3 ـ ئايدا خىتاينىڭ بىر نەپەر باش ئەلچىسى: «بۇ ھەرگىز بەدەلسىز قالمايدۇ، بىز بۇ ئىشنى ھەرگىز بولدى قىلمايمىز» دېگەنىدى.

ئەمدى كۈتۈش ئاخىرلاشتى. خىتاي قاراتمىلىق ئۈچ تەدبىر ئارقىلىق قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى.

ئالدى بىلەن، خىتاينىڭ مونوپولغا قارشى تۇرۇش تارماقلىرى خىتاي بازىرىدا تىجارەت قىلىۋاتقان ئامېرىكا يېرىم ئۆتكۈزگۈچ شىركەتلىرىگە چېتىشلىق ھەرقانداق شىركەتلەرنىڭ بىرلىشىش (corporate merger) قىلمىشلىرىنى توسۇۋەتتى. گەرچە بۇ ئامېرىكا، گوللاندىيە ۋە ياپونىيەنىڭ ئېكسپورت چەكلىمىلىرىدەك مۇھىم بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ ئامېرىكانىڭ يېرىم ئۆتكۈزگۈچ سانائىتىگە ئاگاھلانغىنىدەك بەكرەك سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، شىركەتلەرنىڭ بىرلىشىشى ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ ئىجادىي تېخنولوگىيىلەرگە ئېرىشىشى ۋە سودا ئەندىزىسىنى ئىستراتېگىيەلىك ئۆزگەرتىشى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. ئىنتېل شىركىتىنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى پەت گېلسىنگېر (Pat Gelsinger) يېقىندا خىتاي ئەمەلدارلىرىغا ئىنتېل شىركىتىنىڭ 5 مىليارد 400 مىليون دوللارغا «ئېگىز مۇنار يېرىم ئۆتكۈزگۈچ چەكلىك شىركىتى»نى (高塔半导体有限公司) سېتىۋېلىشىنى تەستىقلىتىش ئۈچۈن خىتاينى زىيارەت قىلدى. ئىنتېل رەھبەرلىرى بۇ كېلىشىمنى شىركەتنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم دەپ قارايدۇ. بۇ سېتىۋېلىش پىلانىنىڭ ئىجرائات ئەھۋالى ھازىر ئەسلىدىكى پىلاندىكىدىن ئالتە ئاي كېچىكىپ كەتتى، شۇنداقلا 2023 ـ يىلى 8 ـ ئايدىكى ئاخىرقى چەككە يېقىنلىشىپ قالدى.

ئىككىنچىدىن، خىتاي ئامېرىكانىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئىچكى ساقلىغۇچ ئۆزىكى (memory chips) ئىشلەپچىقارغۇچى Micron شىركىتىنىڭ تور بىخەتەرلىكىنى قايتىدىن تەكشۈرۈشكە باشلىدى. 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، خىتاينىڭ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تارماقلىرى خىتاينىڭ ھالقىلىق ئۇل مۇئەسسەسە ساھەسىدە Micron ئۆزىكى سېتىۋېلىشنى چەكلىدى. گەرچە خىتاينىڭ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تارماقلىرى بۇ قارارنىڭ پەقەت تور بىخەتەرلىكى ئەندىشىسى سەۋەبلىك چىقىرىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئەمما خىتاي دىپلوماتلىرى بىرەسمىي سورۇندا بۇنىڭ ئامېرىكانىڭ 7 ـ ئۆكتەبىردىكى ئېكسپورت چەكلىمىسىگە قارىتىلغان سىياسىي ئۆچ ئېلىش ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. ھازىرغا قەدەر Micron شىركىتىنىڭ پۈتكۈل خىتاي بازىرىدا چەكلەنگەنلىكى توغرىسىدا ھېچقانداق ئالامەت يوق، ئەمما بۇ خىل ئەھۋال كەلگۈسىدە ئۆزگىرىشى مۇمكىن. Micron شىركىتىنىڭ خىتايدىكى يىللىق سېتىش سوممىسى 3 مىليارد 300 مىليون دوللار بولغاچقا، خىتاي بازىرىدىن ئايرىلىپ قېلىش بۇ شىركەت ئۈچۈن ئازابلىق ئىشتۇر.

ئۈچىنچىدىن، خىتاي ئېلېكترون سانائىتىنىڭ مۇھىم خام ئەشياسى بولغان، گاللىي (gallium) ۋە گېرمانىيدىن (germanium) ئىبارەت ئىككى خىل مىنېرال ماددىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئېكسپورت ئىجازەتنامىسى ئېلىش كېرەكلىكىنى ئېلان قىلدى. خىتاي بۇ ئىككى خىل ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدىغان ئەڭ ئاساسلىق دۆلەت بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتى ھازىر بۇ ماتېرىياللارنى ئېكسپورت قىلىشقا ئۆزى خالىغانچە چەك قويالايدۇ. بولۇپمۇ گاللىي نۇرغۇن تىپتىكى يېرىم ئۆتكۈزگۈچ تېخنولوگىيىلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن

مۇھىم. گەرچە خىتاي ھۆكۈمىتى مەزكۇر ئېكسپورت چەكلىمىسىنىڭ ئامېرىكانىڭ 7 ـ ئۆكتەبىردىكى ئېكسپورت چەكلىمىسىگە قايتۇرۇلغان ئىنكاس ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئېيتمىغان بولسىمۇ، خىتاينىڭ مەقسىتىنىڭ شۇ ئىكەنلىكى شەكسىز.

گاللىي ۋە گېرمانىي دۇنيادا باشقا نەرسە ئورنىنى ئالالمايدىغان «تېپىلماسىنىڭ خورمىسى» ئەمەس، ھەتتا خىتاي بۇ نەرسىلەرنى ئېكسپورت قىلىشنى تولۇق چەكلىگەن تەقدىردىمۇ ئەھۋال شۇنداق. بۇ ئىككىلىسى ئالىيۇمىن ۋە سىنىك قاتارلىق باشقا مىنېرال ماددىلارنى قېزىش جەريانىدا چىقىدىغان تەبىئىي قوشۇمچە مەھسۇلاتلار بولۇپ، ئەگەر خىتاي گاللىي ۋە گېرمانىي تەمىناتىنى توختىتاتماقچى بولسا، ئامېرىكانىڭ ياكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ كانچىلىق شىركەتلىرى ئاسانلا گاللىي ۋە گېرمانىي تىجارىتىگە كىرەلەيدۇ. نۇرغۇنلىغان خەلقئارالىق يىرىم ئۆتكۈزگۈچ شىركەتلىرى، جۈملىدىن مەخسۇس گاللىيدىن ياسالغان مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان شىركەتلەر (خىتاي بۇ جەھەتتە چەكلىمە قويغان تەقدىردىمۇ) ئۆزلىرىنىڭ تىجارىتىنىڭ كۆرۈنەرلىك تەسىرگە ئۇچرىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

شۇڭلاشقا، خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ تەدبىرنى (يەنى گاللىي ۋە گېرمانىي ئېكسپورتىغا چەك قويۇشنى) ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ كەلگۈسى ھەرىكىتىنى توسۇش ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرۇش سۈپىتىدە قوللىنىشى مۇمكىن. يېڭى ئېكسپورت چەكلىمىلىرىنىڭ ئۆزى ئالاھىدە مۇھىم ئەمەس، ئەمما خىتاي ھازىر تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك كان مەھسۇلاتلىرى تەمىنلەش زەنجىرىگە بولغان كونتروللۇق ھوقۇقىنى ئىشقا سالىدىغانلىقى ھەققىدە جار سالماقتا. ئەڭ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، خىتاي سىيرەك (ئاز ئۇچرايدىغان) تۇپراق مېتاللىرىنى قېزىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش ساھەسىنى ئاساسەن كونترول قىلغان بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا يەر شارى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنىڭ ئاتمىش پىرسەنت ۋە سەكسەن پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى كونترول قىلىدۇ.

بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، سىيرەك تۇپراق مېتاللىرى ئېكسپورتىنى چەكلەشنىڭ زىيىنى خېلى بەكلا ئېغىر بولىدۇ، ئەمما بۇ ئەھۋالدىمۇ، خىتايدىن باشقا جايلاردىن سىيرەك تۇپراق مېتاللىرىغا ئېرىشىش تېخنولوگىيىلىك ياكى جۇغراپىيەلىك ئىمكانىيەت مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى سىياسىي خاھىش مەسىلىسىدۇر. سىيرەك تۇپراق مېتال زاپىسى خىتايدىلا ئەمەس، باشقا نۇرغۇن جايلاردىمۇ بار. ئەگەر ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى پۇل خەجلەشنى خالىسا (ھەمدە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئىجازەتنامىسىنى تېزدىن تەستىقلىسا)، ئۇلارنىڭ مىنېرال ماددىلار بىلەن تەمىنلەش زەنجىرىدە خىتاينىڭ ئورنىنى ئېلىشى ـــ گەرچە بۇنىڭغا بىر ئاز ۋاقىت كەتسىمۇ ـــ خىتاينىڭ يېرىم ئۆتكۈزگۈچ تەمىنلەش زەنجىرىدە ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ ئورنىنى ئېلىشىدىن كۆپ ئاساندۇر. چۈنكى، خىتاي يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسكۈنىلىرى جەھەتتە ئامېرىكا، ياپونىيە ۋە گوللاندىيەدىن نەچچە ئون يىل ئارقىدا تۇرىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، ئەگەر خىتاي سىرەك تۇپراق مېتاللىرى تەمىناتىنى چەكلەشكە ئۇرۇنسا، بۇ ھالقىلىق كان مەھسۇلاتلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى ئىقتىسادنىڭ باشقا ساھەلىرىدىمۇ خىتايغا ئىشەنچلىك تەمىنلىگۈچى سۈپىتىدە تايىنىشقا بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقى ھەققىدىكى شۈبھىگە سەۋەب بولىدۇ. گەرچە سىياسىي ئاتالغۇ سۈپىتىدە «ئادا ـ جۇدا بولۇش» (Decoupling) دېگەن ئۇقۇمنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما «خەۋپسىزلەشتۈرۈش» (de ـ risking) ۋە «كۆپ خىللاشتۇرۇش» (diversification) دېگەن بۇ ئىككى ئۇقۇم يېقىنقى G7 ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىي بىخەتەرلىك باياناتلىرىدا مۇھىم ئورۇن ئىگىلىدى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەر ۋە شىركەت خوجايىنلىرى ھەم ئىستېمالچى، ھەم تەمىنلىگۈچى سۈپىتىدە، خىتاينىڭ ئورنىنى باسالايدىغان ھاياتىي كۈچكە ئىگە تاللاشلار بىلەن تەمىنلىيەلەيدىغان شېرىكلەر بىلەن يېڭى ۋە كېڭەيتىلگەن سودا مۇناسىۋەتلىرى ئورنىتىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ. بۇ ئاللىقاچان باشلانغان يۈزلىنىشنىڭ تېزلىشىشى، خالاس. مەسىلەن، سامسۇڭ 2019 ـ يىلى ئۆزىنىڭ خىتايدىكى ئەڭ ئاخىرقى يانفون زاۋۇتىنى تاقاپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ۋېيتنام، ھىندىستان ۋە باشقا جايلارغا يۆتكىدى. يەنە شۇنىڭدەك، كومپيۇتېر ئىشلەپچىقىرىدىغان دېل شىركىتىمۇ 2024 ـ يىلدىن باشلاپ خىتايدا ئىشلەنگەن ئۆزەكلەرنى سېتىۋېلىشنى توختاتماقچى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

مانا بۇ بايدىن ھۆكۈمىتىنىڭ تېخنولوگىيە ئېكسپورتى مەسىلىسىدە، چەكلىمىلەرنى كۈچەيتىشنى ئۆزگە پايدىلىق دەپ قارىشىدىكى تۈپ سەۋەبتۇر. ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ شىركەتلىرى روياپقا چىقىرالايدىغان بەزى ئاچقۇچلۇق تېخنولوگىيىلەر باركى، خىتاي بۇ تېخنولوگىيىلەرنى (ھېچ بولمىغاندا ھازىرچە) روياپقا چىقىرالمايدۇ. شۇڭا، خىتاي ھەر ۋاقىت ئامېرىكا ياكى ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىغا زىيان يەتكۈزمەكچى بولسا يەتكۈزەلەيدۇ، ئەمما بۇنداق قىلسا ئۆزى تېخىمۇ ئېغىر زىيانغا ئۇچرايدۇ.

10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن كېيىن، خىتاينىڭ ئۆچ ئېلىشنى چۆرىدىگەن تەھلىل ۋە پەرەزلەر كۆپلەپ خەۋەر قىلىندى. ۋەھالەنكى، ئۆچ ئېلىش خىتاينىڭ ئىستراتېگىيەسىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىلى ئەمەس. ئەكسىچە، خىتاينىڭ يېڭى ۋە تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ئىستراتېگىيەسىنىڭ تۆۋەندىكى تۆت قىسمى مۇھىم:

بىرىنچىدىن، خىتاي سۈنئىي ئىدراك تەرەققىياتى جەھەتتىكى ئۇرۇنۇشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئىلغار سۈنئىي ئىدراك ئۆزىكى ۋە باشقا تېخنولوگىيىلەرنى ئەتكەس قىلىپ، ئۆزەك ئېكسپورت چەكلىمىسىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىقىنىڭ سانائەت ۋە بىخەتەرلىك ئىدارىسى (BIS) نوقۇل ھالدا خىتايغا ئېكسپورت قىلىنىدىغان يېرىم ئۆتكۈزگۈچكىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا مىقياسىدىكى ئامېرىكا كونتروللۇقىدىكى قوش ئىشلىتىشچان (ھەم ھەربىي، ھەم پۇقراۋى) ئېكسپورتلارغا قارىتا ئېكسپورت كونتروللۇقىنى ئىجرا قىلىشقا مەسئۇل ئاپپاراتتۇر. ھالبۇكى، ترىليون دوللارلىق ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى نازارەت قىلىشقا مەسئۇل بۇ ئىدارىنىڭ خىزمەتچىسى 600 گە يەتمەيدۇ، خامچوتىمۇ نىسبەتەن ئاز بولۇپ، 200 مىليون دوللارغا يەتمەيدۇ. خىتاي ئۆزىنىڭ ئەتكەسچىلەر ۋە قاسراق

شركەتلەردىن (shell corporation ـــ ئادەتتە شركەت قۇرۇشقا خېلى ئۇزۇن ۋاقت كېتىدۇ. ئەمما، بەزى كىشلەر توختام ئىمزالىشش ياكى شركەت نامىدا باشقا كەسپلەرنى بېجىرىش ئۈچۈن، جىددىي ھالدا شركەت قۇرۇشقا موھتاج بولىدۇ. شۇڭا، كەسپىي مەسلىھەت بېرىش ـ مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرى ئادەتتە نۇرغۇن شركەتلەرنى ئالدىن تىزىمغا ئالدۇرۇپ قويۇپ، كېيىن بۇنى شركەتكە ئېھتىياجى بار كىشلەرگە ساتىدۇ، ئادەتتە بۇنداق شركەتلەرنى ئىشقا كىرىشتۈرۈشكە بىر نەچچە سائەتلا كېتىدىغان بولغاچقا، بۇنداق شركەتلەر «تەييار شركەت» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ت) شەكىللەنگەن تورى ئارقىلىق سانائەت ۋە بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ ئېكسپورت كونترولىدىن يوچۇق تاپالايدىغانلىقىغا دو تىكتى. ئەگەر ئامېرىكا پارلامېنتى كۈلمىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە ۋەزىپىسىنىڭ مۇھىملىقىغا سېلىشتۇرغاندا، مەنبە جەھەتتە ئېغىر قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىۋاتقان سانائەت ۋە بىخەتەرلىك ئىدارىسىگە سەل قاراشنى داۋاملاشتۇرۇۋەرسە، ختاي بۇ خىيالىنى ئىشقا ئاشۇرالىشى مۇمكىن.

ئىككىنچىدىن، ختاي ئامېرىكانى ئىتتىپاقداشلىرىدىن ئايرىۋېتىش ئۈچۈن شاپاشلاۋاتىدۇ. گوللاندىيە ۋە ياپونىيەنى ئېلىپ ئېيتساق، ختاي ئۇلارنىڭ يېڭى ئېكسپورت كونتروللۇقىنى يولغا قويۇشىنى توسۇپ قالالمىدى. ئەمما، بۇ ختاينىڭ ۋاز كەچكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، ئۇ پەقەت دىققىتىنى ياۋروپا ئەللىرىگە ۋە كورېيەگە قاراتتى، خالاس. ختاي يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى جەھەتتە ئامېرىكا، ياپونىيە ۋە گوللاندىيەدىن نەچچە ئون يىل ئارقىدا تۇرۇشى مۇمكىن، ئەمما گېرمانىيە بىلەن كورېيە ئۇنداق ئەمەس. گېرمانىيە بىلەن كورېيەنىڭ تېخنىكىلىرىغا ختاينىڭ پۇل مۇئامىلە ۋە ئىنژېنېرلىق ئىقتىدارى قوشۇلسا، بۇ (ئامېرىكا ئۈچۈن) تولىمۇ ئېغىر تەھدىتكە ئايلىنىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ختاي مەۋجۇت سانائەت جاسۇسلۇقىنى ۋە ئىختىساسلىقلارنى قوبۇل قىلىش سالمىقىنى كۈچەيتتى. سوغۇق ئۇرۇش مەزگىلىدە، ئامېرىكا مەركىزىي ئىستىخبارات ئىدارىسى (CIA) «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىگە ۋە ئۇنى باشقۇرۇش تېخنولوگىيىلىرىگە قانۇنسىز ئېرىشىش ئۇرۇنۇشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باشقا سانائەت جاسۇسلۇق ئۇرۇنۇشلىرىدىن بەكلا ئېشىپ كەتتى» دەپ يەكۈن چىقارغانىدى. بۇ ئەھۋال ختايدىمۇ ھېچقانچە پەرقلەنمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ تور جاسۇسلۇق قوراللىرىنى ۋە ئىختىساسلىقلارنى ئىندەككە كەلتۈرۈش سالمىقىنى غايەت زور دەرىجىدە كۈچەيتتى. دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ئۈسكۈنىلىرى ئىشلەپچىقارغۇچى ASML شركىتىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، بۇ شركەت ھەر يىلى نەچچە مىڭلىغان تور بىخەتەرلىكى ۋەقەسىگە دۇچ كېلىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ پاتېنتلىق ئىنژېنېرلىق سانلىق مەلۇماتلىرىنىڭ ختايدىكى خىزمەتچىلىرى ۋە شېرىكلىرى تەرىپىدىن ئوغرىلىنىپ، دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى ختاي شركەتلىرىگە قانۇنسىز سېتىلىشى ئىزچىل ئۇلارنىڭ بېشىنى قاتۇرماقتا ئىكەن. ئامېرىكا، ياپونىيە، كورېيە ۋە تەيۋەندىكى يېرىم ئۆتكۈزگۈچ شركەتلىرىمۇ بىردەك ھالدا مۇشۇنداق خىرسلارغا دۇچ كەلمەكتە.

تۆتـنچى، بۇ نۇقتا ھەممىدىن مۇھىم بولۇپ، خىتاي تامامەن يەرلىك تەمىنلەش زەنجىرى بەرپا قىلىش ئۈچۈن نەچچە يۈز مىليارد دوللار مەبلەغ سالغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق چەتئەل تېخنولوگىيە تەمىنلىگۈچىلىرىگە بولغان بېقىنىشتىن قۇتۇلماقچى بولۇۋاتىدۇ. بۇنىڭغا بايدىن ھۆكۈمىتىنىڭ ئېكسپورت چەكلىمىسى سەۋەب بولغان بولماستىن، خىتاي ئون نەچچە يىلنىڭ ياقى بۇ خۇسۇستا تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كەلمەكتە. خىتاينىڭ «خىتاي ياسىمچىلىقى 2025» سىياسىتىنىڭ (بۇ سىياسەت 2015 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان) نىشانلىرىدىن بىرى خىتاينىڭ يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ساھەسىدە «ئىمپورت مەھسۇلاتلارنىڭ ئورنىغا خىتايدا ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنى ئىشلىتىش» ئىدى. ھالبۇكى، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ كۈچلۈك ئېتىرازلىرى سەۋەبلىك، خىتاي «خىتاي ياسىمچىلىقى 2025» توغرىسىدا ئاشكارا توختالماس بولۇۋالغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ سىياسەت ھەرگىزمۇ يوقلىپ كەتكىنى يوق. ئەمەلىيەتتە، ترامپ ھۆكۈمىتى سودا ئۇرۇشى قوزغاپ، خىتاينىڭ پەن ـ تېخنولوگىيە شىركەتلىرىدىن جوڭشىڭ بىلەن خۋاۋېيغا ئېكسپورت چەكلىمىسى يۈرگۈزگەندىن كېيىن، خىتاي رەھبەرلىرى «خىتاي ياسىمچىلىقى 2025»نىڭ «ئۆزگە تايىنىش» نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تېخىمۇ بەك كۈچىدى. خىتاي دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ 2020 ـ يىلى 7 ـ ئايدىكى يېرىم ئۆتكۈزگۈچ سىياسىتىدە (بايدىن ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشتىن بىر يىل بۇرۇن ماقۇللانغان) چەتئەلنىڭ يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىنى ئىمپورت قىلىش خىتاي شىركەتلىرى چەتئەللىك رىقابەتچىلىرىنىڭ ئورنىنى ئالغۇچە داۋاملىشىدىغان «ۋاقىتلىق» ئېھتىياج دەپ سۈپەتلىگەنىدى.

بۇ ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى ھەر قانداق سودا مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسى ئۈچۈن قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان ئاتالغۇلاردۇر. بايدىن ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇرۇنۇشلىرى ھەمىشە (ۋە خاتا ھالدا) «ئادا ـ جۇدا بولۇش» (decoupling) ئىستراتېگىيەسى سۈپىتىدە ھۇجۇمغا ئۇچراپ كەلدى. ھالبۇكى، ئەمەلىيەتتە خىتاينىڭ سىياسىتى «ئادا ـ جۇدا بولۇش»قا ئامېرىكانىڭكىدىن يېقىنراق. 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىكى ئېكسپورت چەكلىمىسى خىتاينىڭ ئىستراتېگىيەسىنى ئۆزگەرتمىدى، ئەمما بۇ چەكلىمەلەر خىتاينىڭ ئۆزەك ياساش ئۈسكۈنىلىرىگە ئېرىشىشنى چەكلەش ئارقىلىق ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنى قىيىنلاشتۇردى.

شۇڭا خىتايدىكى رەقىب شىركەتلەرگە تېخنولوگىيە يۆتكەشتىن قولغا كېلىدىغان قىسقا مۇددەتلىك پايدىغا مەپتۇن بولۇپ كېتىشى مۇمكىن بولغان گېرمانىيە ۋە كورېيە شىركەتلىرى ئۆزلىرىنىڭ خىتايغا تەۋە كەلگۈسىنى بەرپا قىلىشقا ياردەملىشىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك. بۇ شۇنداق بىر كەلگۈسكى، بۇنىڭدا خىتاينىڭكىدىن باشقا شىركەتلەرنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيەتلىك ئۇزۇن مۇددەتلىك رولى بولمايدۇ. (خىتاي شىركەتلىرىگە تېخنولوگىيە ساتقاندىن كېيىن) پەسىللىك ۋە يىللىق پايدا تولىمۇ زور بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، بەش ـ ئون يىللىق نەتىجە ئاپەت خاراكتېرلىك بولىدۇ. گېرمانىيە ۋە كورېيە ھۆكۈمەتلىرى ئامېرىكا، گوللاندىيە ۋە ياپونىيەنىڭكىگە ئوخشاش يېڭى ئېكسپورت چەكلىمىسىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن مۇشۇ خىل ئاقىۋەتلەرنى نەزەردە تۇتۇشى كېرەك.

**ختاينىڭ ئۈچ ئېلىش ئۇرۇنۇشلىرى ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنى قورقۇتۇشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئۇرۇنۇشلار كارغا كەلمەكتە. ئۈچ ئېلىنىشتىن قورقۇش داۋاملىق تۈردە خەۋەرلەرنىڭ ئاساسىي تېمىسى بولىدۇ ۋە تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلمەيدۇ، بولۇپمۇ گېرمانىيە ۋە كورېيە قاتارلىق ئارىسالدى بولۇپ تۇرغان دۆلەتلەرگە نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق. ۋەھالەنكى، ختاي نىشانلىغان شىركەتلەر ھەقىقەتەن ئېغىر زىيانغا ئۇچراۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ختاينىڭ نەچچە ئون يىلدىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن «چەتئەل شىركەتلىرىنى تېخنولوگىيە تەمىنلەش زەنجىرىدىن سىقىپ چىقىرىش» سىياستى ۋە سۇنئىي ئىدراكنىڭ كەلگۈسىنى بەلگىلەيدىغان مۇستەبىت چوڭ دۆلەتنىڭ تەھدىتى تېخىمۇ ئىستراتېگىيەلىك مەسىلىدۇر. ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى ختاينى بۇ نىشاندىن ۋاز كېچىشكە ھەرگىز قايىل قىلالماسلىقى مۇمكىن، ئەمما ئۇلار مۇستەھكەم ئىتتىپاقلاشسا، ختاينىڭ ئىستراتېگىيەسىنى مەغلۇپ قىلالايدۇ.**

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

**مەنبە:**

/https://time.com/6295902/china-tech-war-u-s


مىسلىسىز ئويغىنىش
يالغانچىلىق ۋە ئەخلاق
تىم مازۇر

# يالغانچىلىق ۋە ئەخلاق

تىم مازۇر

«مەن كىشىلەرنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىغا ئارىلاشمايمەن، مەن ئەزەلدىن بۇنداق ئىشنى قىلىپ باقمىدىم.» روس پېروتنىڭ (Ross Perot) 1992 ـ يىلى 7 ـ ئايدىكى ABC خەۋەرلىرىدىكى بۇ سۆزلىرى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ پرىزىدېنتلىق پائالىيىتىگە قاتناشقان پىدائىيلارنى مەخپىي تەكشۈرگەنلىكى توغرىسىدىكى ئەيىبلەشلەرنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغانىدى. ئەيىبلەشلەر ئاخىرلاشتى، ئەمما پېروت ئۈمىلغاندەك تەرزدە ئەمەس. بىر نەچچە سائەت ئىچىدە، پېروتىنىڭ ئادەم يالاپ كىشىلەرنىڭ ئۆتمۈشىنى تەكشۈرگۈزگەنلىكى توغرىسىدا ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان پاكىتلار ئوتتۇرىغا چىقتى ـ دە، ئەتىسى روس پېروتنىڭ يالغان سۆزلىگەنلىكى ھەممەيلەنگە ئايان بولدى.

ئەلۋەتتە، بۇ بىر سىياسىيوننىڭ تۇنجى قېتىم يالغان سۆزلىشى ئەمەس، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى قېتىمقىسىمۇ ئەمەس. بەزىدە قەستەن يالغان سۆزلەشنى مەقسەت قىلغان يالغانچىلىق ئەڭ ياخشى جاۋابتەك كۆرۈنىدۇ. مەسىلەن، بىر ئاكا سىڭلىسىنىڭ مەست بولۇپ قالغان ئېرىگە سىڭلىسىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكى توغرىسىدا قەستەن يالغان سۆزلەيدۇ، چۈنكى ئاكا بۇ ھاراقكەشنىڭ ئۆز سىڭلىسىغا ئازار بېرىشىدىن قورقىدۇ؛ دوختۇر قاتتىق چۈشكۈنلىشىپ كەتكەن بىمارنىڭ ئېشىپ كەتسە ئالتە ئايلا ياشىيالايدىغانلىقىغا جەزم قىلغان تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئەسلىگە كېلىش ئېھتىماللىقىنىڭ ئەللىك پىرسەنت ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ؛ ئوغلى ئۆلۈم سەكراتىدىكى ئاپىسىنىڭ بىر قىسىم پۇللارنى ئۆزىنىڭ تاۋۇتىغا سېلىپ قويۇش تەلىپىگە ماقۇل بولىدۇ ـ يۇ، ئاپىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇ پۇللارنى پېقىرلارغا سەدىقە قىلىۋېتىدۇ. ھالبۇكى، نۇرغۇن پەلسەپە ۋە دىنىي ئەنئەنىلەر ئۇزۇندىن بۇيان يالغانچىلىقتا ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئەھۋالدىلا رۇخسەت قىلىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلدى. ئۇنداقتا، يالغانچىلىقنىڭ ماھىيىتى زادى نېمە؟

پەيلاسوپ ئىمانۇئېل كانت (Immanuel Kant): «يالغانچىلىق ئەخلاقىي جەھەتتىن ھەمىشە خاتا» دەپ قارايدۇ. ئۇ بارلىق ئىنسانلارنى «تۇغما قەدىر ـ قىممەت»كە ئىگە دەپ قارايدۇ ۋە بۇنى «ئىنسانىي ئىززەت ـ ھۆرمەت» (human dignity) دەپ ئاتايدۇ. كانتنىڭ نەزىرىدە، بۇ خىل قەدىر ـ قىممەت ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئالدىغا قارار چىقىرالايدىغان، ئۆز نىشانىنى ئۆزى بەلگىلىيەلەيدىغان ۋە قىلمىشلىرىغا ئەقىل ـ پاراسەت ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلالايدىغان ئۆزگىچە ئاقىلانە سۇبيېكت ئىكەنلىكىدىن مەنبەلەنگەن.

كانت: «ئىنسان بولۇش ئەركىن قارار چىقىرىشتا ئاقىلانە كۈچكە ئىگە بولغانلىقتۇر. ئەخلاق ئۆزىدىكى ۋە باشقىلاردىكى ئاشۇ خىل كۈچنى ھۆرمەتلەشتۇر» دەيدۇ.

شۇڭا، يالغان سۆزلەش ئىككى خىل سەۋەب تۈپەيلى ئەخلاقىي جەھەتتىن خاتا. بىرىنچى، يالغانچىلىق ئىنسانلىقىمىزدىكى ئەڭ مۇھىم سۈپەتنى، يەنى مېنىڭ ئەركىن، مۇۋاپىق قارار چىقىرىش ئىقتىدارىمنى ۋەيران قىلىدۇ. مەن دېگەن ھەر بىر يالغان گەپ ۋۇجۇدۇمدىكى ماڭا ئەخلاقىي قىممەت ئاتا قىلغان قىسمىمغا زىت كېلىدۇ. ئىككىنچىدىن، مېنىڭ يالغانچىلىقىم باشقىلارنى مۇۋاپىق قارار چىقىرىش ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. مېنىڭ يالغانچىلىقىم كىشىلەرنىڭ ھەقىقەتنى بىلگەن چاغدىكىدىن پەرقلىق قارار چىقىرىشىغا سەۋەبچى بولغاندا، مەن ئۇلارنىڭ ئىنسانىي ئىززەت ـ ھۆرمىتى ۋە مۇستەقىللىقىغا زىيان سالغان بولىمەن.

ئىككىنچى خىل قاراش بولغان پەزىلەت ئېتىكىسىدىمۇ (virtue ethics) يالغانچىلىق ئەخلاقىي جەھەتتە خاتا دەپ قارىلىدۇ. پەزىلەت ئېتىكىچىلىرى توغرا ۋە خاتا ھەرىكەتلەرگە ئەقىلگە ۋە كىشىلەرنىڭ نېمە قىلىش ـ قىلماسلىقى كېرەكلىكىگە بىنائەن ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئورنىغا، خاراكتېر تەرەققىياتىغا ياكى كىشىلەرنىڭ قانداق ئادەم بولۇشى كېرەكلىكىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ. پەزىلەت كىشىلەرنىڭ مەلۇم ئۇسۇلدا ھەرىكەت قىلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدىغان، ئارزۇ قىلىنىدىغان سۈپەتلەردۇر. مەسىلەن، ئادىللىق — بىز ئۆزىمىزنىڭ يوشۇرۇن كۈچىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىش جەريانىدا تاللىشىمىز مۇمكىن بولغان پەزىلەتلەردىن بىرىدۇر. پەزىلەت ئېتىكىسىدا، پەزىلەتلىك بولۇش ئەخلاقلىق بولۇشتۇر.

گەرچە پەزىلەت ئېتىكىسىنىڭ ماھىيىتى شەخسنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ ئەخلاقىيلىقىنى باھالاشنى قېينلاشتۇرىۋەتكەن بولسىمۇ، مەزكۇر نەزەرىيەنى تەرغىب قىلغۇچىلار ئادەتتە يالغانچىلىقنى سەممىيلىكتىن ئىبارەت پەزىلەتكە زىت ئىكەنلىكى سەۋەبلىك خاتا دەپ قارايدۇ. بۇ نەزەرىيەگە ئىشەنگۈچىلەر ئارىسىدا، («رەھىمدىللىك»كە ئوخشاش) باشقا بىر پەزىلەتنى قوغلىشىپ يالغان سۆزلەشنىڭ (مەسىلەن، ئاكىنىڭ سىڭلىسىنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىك سەۋەبىدىن سىڭلىسىنىڭ هاراقكەش ئېرىگە يالغان سۆزلىشىنىڭ) توغرا ـ خاتالىقى توغرىسىدا ئىختىلاپلار مەۋجۇت. كۆپىنچە ئېتىكىشۇناسلار پەزىلەت ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل روشەن زىددىيەتنى «پەزىلەتلەرنىڭ بىرلىكى» (the unity of the virtues) دەپ ئاتالغان ئۇقۇم ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇ تەلىماتقا كۆرە، پەزىلەتلىك ئادەم، يەنى بىز ھەر دائىم ئايلىنىشقا تىرىشىدىغان ئىدىئال ئادەم، پەزىلەتلەرنىڭ ھەممىسىنى رويابقا چىقارماي تۇرۇپ، ئۇلاردىن بىرىنى روياپقا چىقىرالمايدۇ. شۇڭا، پەزىلەتلەر ئوتتۇرىسىدا رەھىمدىللىكتىن مەنبەلەنگەن يالغانچىلىققا ئوخشاش روشەن زىددىيەتكە يولۇققاندا، پەزىلەت ئېتىكىسى بىزدىن بەزى ئىدىئال شەخسلەرنىڭ شۇ خىل ئەھۋالدا قانداق قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىشنى ۋە شۇنىڭغا ماس ھالدا ھەرىكەت قىلىشنى ھەمدە شۇ ئارقىلىق ئىدىئال ئادەمنىڭ پەزىلىتىنى ئۆزىمىزدە هازىرلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. ماھىيەتتە، پەزىلەت ئېتىكىسى

مۇنداق دەپ قارايدۇ: يالغانچىلىق بىز ئايلىنالايدىغان ئەڭ ياخشى ئىنسانغا ئايلىنىشقا يېقىنلىشىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن بىر قەدەم يىراقلاشقانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئەخلاقسىزلىقتۇر.

ئۈچىنچى خىل قاراشقا، يەنى مەنپەئەتچىلىك ئېتىكىسىغا (utilitarian ethics) كۆرە، كانت بىلەن پەزىلەت ئېتىكىچىلىرى يالغانچىلىقنىڭ ئەخلاقىي خاراكتېرىگە ھۆكۈم قىلىشتىكى تۈپ ئۆلچەمگە، يەنى ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ياخشى-يامان تەرەپلىرىنى ئۆلچەشكە سەل قارايدۇ. مەنپەئەتچىلەر «كېلىپ چىققان ئاقىۋەت پايدىنى ئەڭ زور چەككە يەتكۈزگەندە ياكى زىياننى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرگەندە، يالغانچىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىلمىشلارنى ئەخلاقىي جەھەتتىن قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ» دەپ قارىشىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە يالغانچىلىق ھەمىشە ئەخلاقسىزلىق ئەمەس. ھەتتا، پايدىنى ئەڭ زور چەككە يەتكۈزۈش ياكى زىياننى ئازايتىش ئۈچۈن (مەسىلەن، قوغلاپ كەلگەن دۈشمەننى خاتا يۆنىلىشكە باشلاپ قويۇش دېگەندەك ئەھۋاللاردا) يالغانچىلىق قىلىش زۆرۈر بولسا، يالغان سۆزلىمەسلىك ئەخلاقسىزلىق بولۇشى مۇمكىن. ھالبۇكى، مەنپەئەتچىلىك ئېتىكىسىنى كۈندىلىك تۇرمۇشتا قارار چىقىرىش جەريانىغا تەدبىقلاش بەسىي مۈشكۈل، چۈنكى بۇنداق قىلىش ئۈچۈن كىشىلەر قارار چىقىرىشتىن ئىلگىرى چوقۇم ھەرىكىتىنىڭ ئومۇمىي ئاقىۋىتىنى توغرا مۆلچەرلىمىسە بولمايدۇ. تۆۋەندىكى مىسال يالغان سۆزلەش تاللاشلاردىن بىرى بولغان ئەھۋالدا، مەنپەئەتچىلىك ئېتىكىسىغا ئىشەنگۈچىلەرنىڭ نېمىلەرنى ئويلىشىشى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئوغۇل بىلەن ئۇنىڭ ئۆلۈم سەكراتىدىكى ئاپىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئويلاڭ. ئوغۇل ئەستايىدىل ئويلىنىش ئارقىلىق ئانىسىنىڭ مىراسلىرىنى ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە بىر تەرەپ قىلىشنىڭ، جۇملىدىن بىر بۆلۈك پۇلنى تاۋۇتقا سېلىپ قويۇشنىڭ توغرا ئىش ئەمەسلىكىگە جەزم قىلىدۇ. چۈنكى، ئاپىسىنىڭ دېگىنى بويىچە قىلسا، بۇ پۇل ئىسراپ بولىدۇ ياكى ئوغرىلىنىدۇ-دە، نامراتلار ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ. ئوغلى ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مۇددىئاسىنى ئاشكارىلىسا، ئاپىسىنىڭ بۇ ئىشنى باشقا بىرىگە ھاۋالە قىلىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئۇنىڭغا تەلىپىنى قاندۇرىدىغانلىقى ھەققىدە يالغان ئېيتىدۇ. بۇ مىسالدا، مەنپەئەتچىلىك ئوغۇلنىڭ تېخىمۇ كۆپ ياخشىلىق ئۈچۈن يالغانچىلىق قىلىش قارارىنى قوللايدۇ.

مەنپەئەتچىلەر باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلغان يالغانچىلىقنى ئەخلاقىي جەھەتتىن قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. دوختۇرنىڭ ئۈمىدسىزلەنگەن بىمارغا ئۆزىنىڭ ئەسلىگە كېلىش ئېھتىماللىقىنىڭ ئەللىك پىرسەنت ئىكەنلىكىنى ئېيتقانلىقىنى؛ ئەمەلىيەتتە بارلىق سىناقلارنىڭ بىمارنىڭ پەقەت ئالتە ئايلا ياشىيالايدىغانلىقىنى كۆرسەتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ. دوختۇر ئۆزىنىڭ كۆپ يىللىق تەجرىبىسىگە ئاساسەن شۇنى بىلىدۇكى، ئەگەر ئۇ بۇ خىل بىمارغا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتسا، ئۇ تېخىمۇ چۈشكۈنلىشىپ كېتىشى، ھەتتا ئۆلۈۋېلىشى مۇمكىن. لېكىن، ئۇ ئەسلىگە كېلىشنى ئۈمىد قىلسا، قالغان ۋاقتىنى قەدىرلىشى مۇمكىن. ئوخشاشلا، مەنپەئەتچىلەر بۇ مىسالدىكى دوختۇرنىڭ قارارىنىمۇ

قوللايدۇ. چۈنكى، دوختۇرنىڭ شەخسىيەتسىز يالغانچىلىقى ئارقىلىق تېخىمۇ چوڭ مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

گەرچە يۇقىرىقى پىكىر مەنتىقىلىقتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما مەنپەئەتچىلىكنى تەنقىد قىلغۇچىلار بۇ خىل نەزەرىيەنى ئەمەلىي قارار چىقىرىشقا تەدبىقلاشتا ئېغىر نۇقسان بارلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. چۈنكى، كىشىلەر ھەمىشە ئۆز قىلمىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى خاتا مۆلچەرلەيدۇ، ياكى ئۆز يالغانچىلىقىنىڭ جەمئىيەتكە كۆرسىتىدىغان (ئىشەنچسىزلىكنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا ئوخشاش) زىيانلىق ئاقىۋەتلىرىنى سەل چاغلاپ قالىدۇ ياكى نەزەردىن ساقىت قىلىدۇ. يۇقىرىقى ئىككى مىسالنى ئالايلۇق، ئوغۇلنىڭ ئاپىسىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى سۇيىئىستېمال قىلىشى ۋە دوختۇرنىڭ بىمارغا يالغان سۆزلىشى بۇ ئالدامچىلىقتىن خەۋەر تاپقانلارنىڭ ھەممىسىدە ئىشەنچنىڭ سۇسلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئىشەنچنىڭ سۇسلىششىغا ئەگىشىپ، كىشىلەر ئارىسىدا ئىنسانلاردا ياخشىلىق بارلىقىغا ئىشەنمەيدىغان ھالەت ئەۋج ئالىدۇ ـ دە، ئومۇمىي تۇرمۇش سۈپىتىمىز تۆۋەنلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كىشىلەرنىڭ «تېخىمۇ چوڭ ياخشىلىق»نى كۆزلەپ يالغان سۆزلىسە بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش «تېيىلغاق يانتۇلۇق»نى (slippery slope) كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ـ دە، بۇ يەردە ئەپچىللىك بىلەن ھېسابلانغان ئەخلاقىي سەۋەب بىلەن شەخسىيەتچىلىك قىلمىشى ئۈچۈن تېپىپ چىقىلغان قۇرۇق باھانە ئوتتۇرىسىدىكى پاسىل تولىمۇ ئېنچىكىلىشىپ كېتىدۇ. يانتۇلۇقتىن تېيىلىپ چۈشۈش ئاخىرىدا («بۇ كىشىنىڭ پۇلىنى ئوغرىلىشىم دۇرۇس، چۈنكى مەن ئۇنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە قىلىمەن» دېگەندەك) ئەخلاقتىن نېسىۋىسىز بايانلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەنپەئەتچىلىك ئېتىكىسىنىڭ قاراشلىرىغا قوشۇلمايدىغانلار «تېخىمۇ چوڭ ياخشىلىق» ئۈچۈن يالغان سۆزلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇجمەل ياكى سۇبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يالغانچىلىققا يول قويۇشنى تولىمۇ ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دەپ قارايدۇ.

مەنپەئەتچىلەرنىڭ يالغانچىلىقنى يوللۇقلاشتۇرۇشنى تەنقىد قىلغۇچىلار يەنە ھەر قانداق كىشىنىڭ —— ھەتتا سالىھلارنىڭمۇ —— يالغانچىلىقنىڭ راستچىللىقتىن كۆپ ياخشىلىق ئەكېلىدىغانلىقىنى بىلىشىنىڭ قانچىلىك مۈشكۈل ئىكەنلىكىنى تەكىتلىشىدۇ، چۈنكى كۆپىنچە ھاللاردا قىلمىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنى توغرا مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. يالغانچىلىق ھەمىشە زەنجىرسىمان رېئاكسىيە پەيدا قىلىپ، كىشىلەر ئۈمىد قىلمايدىغان ياكى مۆلچەرلەشتىن ئاجىز كەلگەن ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ يالغانچىلىقى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان پايدا ـ زىياننى ئوبيېكتىپ مۆلچەرلىيەلىشىمۇ بەسىي مۈشكۈل. ئۆز نەزىرىمىزدە، بىز ئۆزىمىز ئېيتقان يالغانچىلىقتىن ئاللىقانداق نەپكە ئېرىشىمىز، شۇنداقلا بىز ئۆزىمىز يالغان سۆزلىگەن ھەر بىر ئەھۋالدا دۇنيانىڭ تېخىمۇ ياخشىلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىشكە مايىلمىز. بۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، تەنقىدچىلەر «يالغانچىلىقنىڭ پايدا ـ زىيىنىنى توغرا مۆلچەرلىگىلى بولمىغاچقا، يالغانچىلىق ئەخلاقىي جەھەتتىن خاتادۇر» دەپ قارايدۇ.

**ئېنىقكى، يالغانچىلىق مۇھاكىمە قىلىشقا ئەرزىيدىغان مەسىلىدۇر. چۈنكى، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ مەسىلە ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئېغىرلاپ كەتتى دەپ قارايدۇ. يېقىندا «دەۋر» ژۇرنىلىدىكى بىر ماقالىدە: «كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە قارىتىلغان قىلمىشلىرىنى يېتەكلەيدىغان قائىدىلەرنى چۈشەنمەس بولۇشقان ياكى ئۇلارغا قوشۇلماس بولغاندا، ئىجتىمائىي ئىنىقسىزلىق ئىچىدە يالغانچىلىق ئەۋج ئالىدۇ» دېيىلدى. بەلكىم بىز كانتچىلار، پەزىلەت ئېتىكىچىلىرى ۋە مەنپەئەتچىلەرنىڭ ئارىلاشمىسى بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئىجتىمائىي ئېنىقسىزلىق داۋاملىق كۈچىيىشى مۇمكىن. تېخىمۇ مۇھىمى، يالغانچىلىق ئېھتىماللىقىغا دۇچ كەلگەندە، ھەر قانداق ئەخلاقىي قاراش ھەققىدە تولۇق ئويلىنىدىغانلار تولىمۇ ئازدۇر.**

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://www.scu.edu/mcae/publications/iie/v6n1/lying.html

ساغلاملىق



# كالىينىڭ ئاجايىپ رولى

دوكتور ياۋۇز يۇرۇكئوغلى

# كالىينىڭ ئاجايىپ رولى ھەققىدە

پروفېسسور دوكتور ياۋۇز يۆرۈكئوغلى
تۈركىيەدىكى داڭلىق يۈرەك ـ قان تومۇر كېسەللىكلىرى مۇتەخەسسىسى

نېمە سەۋەبتىندۇر ئەيتاۋۇر، ئادەتتە تاراتقۇلاردا ساغلاملىق توغرىسىدا گەپ بولۇنغاندا، ھەمىشە ماگنىي ۋە سىنىك قاتارلىق مىنېراللارنىڭ مۇھىملىقى تەكىتلىنىدۇ ـ يۇ، بۇلاردىن ھەسسىلەپ مۇھىم بولغان كالىي ئاساسەن تىلغا ئېلىنمايدۇ. شۇڭا، بىز بۇ يەردە سالامەتلىكىمىزنىڭ ھەممە تەرەپلىرى ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە مۇھىم بولغان، ئاجايىپ ئۇنۇمگە ئىگە، ئەمما «غېرىب» بۇ مىنېرالنىڭ ئەھمىيىتىنى تەكىتلەيمىز.

كالىي ئىنساننىڭ ئوزۇقلىنىشى ۋە مېتابولىزمى ئۈچۈن زۆرۈر مىنېراللاردىن بىرىدۇر. كالىي ئوزۇقلۇق ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، قاندا ۋە ھۈجەيرىلىرىمىزدە ئاكتىپ ئېلېكترولىتقا ئايلىنىدۇ. قان ۋە توقۇلمىلىرىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىبلىرىدىن بىرى ئېلېكترولىتتۇر. ئېلېكترولىت دېيىلگەن ھامان ئەڭ دەسلەپتە ئەقلىمىزگە كېلىدىغىنى ناترىي، كالىي، خلور، ماگنىي ۋە كالتسىيدۇر.

ئېلېكترولىت قان ۋە ھۈجەيرىلىرىمىزنىڭ سۇيۇقلۇق تەڭپۇڭلۇقىنى، مۇسكۇل ۋە نېرۋىلىرىمىزنىڭ ئېلېكترلىق ئالاقىسىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ ھەمدە شۇ ئارقىلىق يۈرەك ۋە مېڭە ساغلاملىقى جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئېلېكترولىت ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىيوخىمىيەلىك ۋە ھورمونلۇق پائالىيەتلەر جەريانىدا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىدۇ. ئېلېكترولىتنىڭ قان ۋە توقۇلمىلاردىكى تەڭپۇڭلۇقى بىيوخىمىيەلىك ۋە ھورمۇنلۇق بىر قاتار مۇرەككەپ مېخانىزملار ئارقىلىق، ھورمونلار ۋە بۆرەكلەرگە تايانغان ھالدا كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ.

بىز ئۆزىمىز موھتاج بولغان ئېلېكترولىتلەرنى، يەنى مىنېراللارنى يېمەكلىكلەردىن قوبۇل قىلىمىز. مەسىلەن، ناترىي بىلەن خلورنى تۇزدىن، كالتسىينى سۈت مەھسۇلاتلىرىدىن ۋە كۆكتاتلاردىن ئالىمىز. يەنە بىر تەرەپتىن، كالىي ۋە ماگنىيغا ئوخشاش مۇھىم مىنېراللارنى ئۆسۈملۈك مەنبەلىك يېمەكلىكلەردىن ئالىمىز. ئېلېكترولىتلەرنىڭ ئارىسىدا كالىينىڭ ئۆزىگە خاس ئورنى ۋە ئەھمىيىتى بار، ھەتتا ئۇنى ئېلېكترولىتلەرنىڭ ئەڭ مۇھىمى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. كالىي ھۈجەيرىلىرىمىزنىڭ ئىچىدە ناترىي ـ كالىي پومپىسى (Sodium ـ potassium pump) دېيىلىدىغان ئىنتايىن مۇھىم بىر مېخانىزم ئارقىلىق ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق:

ھۈجەيرە ئىچىدىكى سۇيۇقلۇق تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلايدۇ.

ھۈجەيرە ئىچىدىكى pH قىممىتىنى ئەڭ ياخشى سەۋىيەدە تىزگىنلەيدۇ.

ھۈجەيرە ئىچىدىكى ئېلېكترلىق تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلايدۇ.

ھۈجەيرە ئىچىدە ئېنېرگىيە شەكىللىنىشىگە زېمىن ھازىرلايدۇ.

نېرۋىلاردىكى ئېلېكترلىق ئالاقىنى ساقلايدۇ.

مۇسكۇللارنىڭ قىسىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

سۆيدۈك كىسلاتاسى ۋە بۆرەكتىكى تاشلارنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

ئىلمىي تەتقىقاتلار ئامېرىكانى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە كىشىلەرنىڭ كالىيدىن ئوزۇقلىنىش نىسبىتىنىڭ يېتەرسىز ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە. كالىي يېتەرسىز بولسا، ھالسىزلىق، مۇسكۇل ئاغرىقى ۋە پەي تارتىشىش، قەۋزىيەت، پۇت-قول بارماقلىرى سانجىپ ئاغرىش، يۈرەك سىقىلىش ۋە رىتىمسىز سوقۇش، ئېسى قالايمىقانلىشىش، كىچىك تەرىتى قىستاش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، كالىينىڭ يۇقىرى قان بېسىمى، يۈرەك-قان تومۇر كېسەللىكلىرى ۋە دىيابىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بارلىقى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە. يۇقىرى قان بېسىمىنىڭ گېپى بولۇنغاندا، ھەركىم ناترىينىڭ، يەنى تۇزنىڭ گېپىنى قىلىدۇ-يۇ، ئەمما ھېچكىم كالىينى تىلغا ئېلىپ قويمايدۇ. ھالبۇكى، تۇزنىڭ سەلبىي تەسىرىنى قايتۇرىدىغىنى دەل كالىيدۇر. كالىينىڭ قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىش رولى تۆرلۈك مېخانىزملار ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. مەسىلەن، كالىي:

قان بېسىمىنى ئۆرلىتىۋېتىدىغان ئارتۇق تۇز مىقدارىنىڭ سۈيدۈك يولى بىلەن چىقىرىۋېتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

ھۈجەيرىلەردە ناترىي-كالىي تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلايدۇ.

تومۇرلارنى كېڭەيتىدۇ.

تومۇرلاردىن «كاربون چالا ئوكسىد» ئاجرىلىپ چىقىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

سىمپاتىك نېرۋا سىستېمىسىغا بېسىم چۈشۈرىدۇ.

ئىلمىي تەتقىقاتلار كالىي ئىستېمالى بىلەن قان بېسىمىنىڭ تەڭپۇڭلىشىشى ئارىسىدا كۈچلۈك باغلىنىش بارلىقىنى كۆرسەتمەكتە. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، يۇقىرى قان بېسىمىغا گىرىپتار بولغان كىشىلەرنىڭ تەركىبىدە مول مىقداردا كالىي بار بولغان مېۋە-چېۋە، كۆكتات ۋە سالاتلار قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى كۆپ

يەپ بېرىشى ئىنتايىن مۇھىم. يۇقىرى قان بېسىمى يۈرەك كېسەللىكلىرى جەھەتتىكى ئەڭ كۈچلۈك خەۋپ ئامىللىرىدىن بىرىدۇر. شۇڭا، بۇ جەھەتتە كالىي يۈرەك كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ۋاستىلىك رول ئوينايدۇ. يەنى كالىي قان بېسىمنى تىزگىنلەش ئارقىلىق، يۈرەك كېسەللىكلىرىنىڭ ھەمدە شۇنىڭغا ئالاقىدار بىر قاتار كېسەللىكلەرنىڭ كۆرۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، كالىينىڭ يۈرەككە بولغان ئەڭ مۇھىم تەسىرى ئۇنىڭ ھۈجەيرە ئىچىدىكى ئېلېكتىرلىق پائالىيەتلەرنى تەرتىپكە سالىدىغانلىقىدۇر. يۈرەك ھۈجەيرىلىرى ۋە يۈرەك مۇسكۇللىرى كالىيغا تايانغان ھالدا تەرتىپلىك خىزمەت قىلىدۇ.

كالىي كەملىكى سەۋەبلىك ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدىغان مەسىلىلەردىن بىرى يۈرەك رىتىمىنىڭ قالايمىقانلىشىشىدۇر. ئىلمىي تەتقىقاتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، تەركىبىدە كالىي مىقدارى مول بولغان ئوزۇقلۇقلار يۈرەك ـ قان تومۇر كېسەللىكلىرى ۋە مېڭە قان تومۇرى توسۇلۇش كېسەللىكلىرىگە چېتىشلىق پالەچلىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىغا ئىگە.

كالىينىڭ يۇقىرى قان بېسىمى ۋە يۈرەك ـ قان تومۇر كېسەللىكلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۇزۇندىن بۇيان مەلۇمدۇر. لېكىن، يېقىنقى يىللاردا كالىينىڭ ئىنسۇلىن قارشىلىقى (**Insulin resistance** ـــ ھۈجەيرىلەرنىڭ شېكەر ماددىسىنى ھۈجەيرىگە كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنغان ئىنسۇلىن بىلەن تىركىشىپ، ئۇنى قوبۇل قىلماسلىق ئەھۋالى بولۇپ، بۇ دىيابىت كېسىلىگە سەۋەب بولىدىغان ئاساسلىق ئامىللاردىن بىرىدۇر، ت) ۋە دىيابىت بىلەن زىچ باغلىنىشى بارلىقى ئوتتۇرىغا چىقتى. كالىينىڭ بۇ خۇسۇستىكى ئەڭ مۇھىم رولى ئۇنىڭ ئاشقازان ئاستى بېزىدىن ئىنسۇلىن ئاجرىلىپ چىقىشىنى ئاشۇرىدىغانلىقى بولۇپ، بۇ جەھەتتە كالىينىڭ دىيابىت ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان بىر قاتار دورىلارنىڭكىگە ئوخشاش رولى بار.

كالىينىڭ ئىنتايىن مۇھىم يەنە بىر رولى شېكەرنىڭ ھۈجەيرىنىڭ ئىچىگە كىرىشىگە ياردەم قىلىدىغانلىقى، يەنى ئىنسۇلىن قارشىلىقىنى تۆۋەنلىتىدىغانلىقىدۇر. تارقىلىشچان كېسەللىكلەر ساھەسىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارغا كۆرە، يېتەرلىك مىقداردا كالىي بىلەن ئوزۇقلىنالمىغان كىشىلەرنىڭ قان شېكىرى سەۋىيەسى تېخىمۇ يۇقىرى بولىدىكەن ۋە بۇ كىشىلەرنىڭ دىيابىت كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش ئېھتىماللىقى باشقىلارغا قارىغاندا يۇقىرى بولىدىكەن. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئىنسۇلىن قارشىلىقى بار ۋە ئىككىنچى تىپلىق دىيابىت كېسىلىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان كىشىلەرگە نىسبەتەن، تەركىبىدە كالىي مول بولغان يېمەكلىكلەرنى يېيىش تولىمۇ مۇھىم.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇزۇن داۋاملاشقان دىيابىت كېسىلى سەۋەبىدىن بۆرەك ئىقتىدارى زەئىپلەشكەن كىشىلەرگە نىسبەتەن ئەھۋال دەل يۇقىرىقىنىڭ ئەكسىچە بولۇشى، يەنى كالىي بۇ خىل ئەھۋالدىكى كىشىلەر ئۈچۈن خەتەرلىك بولۇشى مۇمكىن. شۇ سەۋەبتىن، بۇ خىل كىشىلەرنىڭ قانچىلىك كالىي ئىستېمال قىلسا بولىدىغانلىقىنى دوختۇر بەلگىلىشى كېرەك.

تەركىبىدە كالىي مىقدارى مول يېمەكلىكلەر بىلەن ئوزۇقلىنىش يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كېسەللىكلەردىن سىرت، ئومۇمىي سالامەتلىكىمىز ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن مۇھىم. كالىينىڭ بۇ خىل رولى تەركىبىدە كالىي مول

**بولغان يېمەكلىكلەرنىڭ بىۋاستە تەسىرىدىن سىرت، بۇ خىل يېمەكلىكلەرنىڭ ۋاستىلىك رولىدىنمۇ مەنبەلىنىدۇ. ئادەتتە تەركىبىدە كالىي مول بولغان بۇ يېمەكلىكلەردە ۋىتامىن، مىنېرال ۋە ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرغۇچى ماددىلارمۇ مول بولىدۇ. دۇنيادىكى ئەڭ ساغلاملىق ئوزۇقلىنىش ئۇسۇللىرىدىن بىرى بولغان ئوتتۇرا دېڭىزچە ئوزۇقلىنىش تەرزىدە، تەركىبىدە كالىي مىقدارى مول بولغان مېۋە، كۆكتات، سالات ۋە پۇرچاق تۈرىدىكىلەر ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ.**

**ئىلمىي تەتقىقاتلار، ھەر كۈنى 3500~4500 مىللىگرام كالىي ئىستېمال قىلىشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە. ئۇنداقتا، تۆۋەندە تەركىبىدە كالىي مول بولغان يېمەكلىكلەر بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى:**

**1. بانان. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بانانىنىڭ «كالىي كانى» ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، دېمىسىمۇ ئوتتۇراھال چوڭلۇقتىكى بىر بانان ئىچىدە تەخمىنەن 425 مىللىگرام كالىي بار. ھالبۇكى، تەركىبىدىكى كالىينىڭ موللۇقى جەھەتتە بانانىنى بېسىپ چۈشىدىغىنى بەرەڭگىدۇر.**

**2. بەرەڭگە. ئوتتۇراھال چوڭلۇقتىكى بىر بەرەڭگە پوستى سويۇۋېتىلمەستىن دوخۇپكىدا پىشۇرۇلغان تەقدىردە، ئۇنىڭ تەركىبىدە تەخمىنەن 925 مىللىگرام كالىي بار بولىدۇ.**

**3. قىزىلچا يىلتىزى. 250 گرام قىزىلچا يىلتىزىنىڭ تەركىبىدە تەخمىنەن 650 مىللىگرام كالىي بار.**

**4. پالەك. 250 گرام پالەكنىڭ تەركىبىدە تەخمىنەن 425 مىللىگرام كالىي بار.**

**5. ئانار. ئوتتۇراھال چوڭلۇقتىكى بىر ئانارنىڭ تەركىبىدە تەخمىنەن 400 مىللىگرام كالىي بار.**

**6. گۈلكەرەم (broccoli). ھوردىتىپ پىشۇرۇلغان 250 گرام گۈلكەرەمنىڭ تەركىبىدە 350 مىللىگرام كالىي بار.**

**7. پەمىدۇر. پىشقان، ئوتتۇرا بويى بىر دانە پەمىدۇرنىڭ تەركىبىدە 290 مىللىگرام كالىي بار.**

**بۇنىڭدىن سىرت، ئۆرۈك، ئۈزۈم ئاپېلسىنى (Greyfurt) قاتارلىق مېۋىلەرنىڭ؛ پۇرچاق تۈرىدىكىلەرنىڭ ۋە قۇرۇق يېمىشلەرنىڭ تەركىبىدىمۇ مول مىقداردا كالىي بار.**

**ھالبۇكى، سىز بۇ يەردىكى سان ـ سىفىرلارغا باغلىنىپ قالماڭ، ھەرتۈرلۈك مېۋە، كۆكتات ۋە پۇرچاق تۈرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىدە مول مىقداردا كالىي بار.**

تۈركچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://youtu.be/Y32wAGQCEMw

# دىكتاتورلۇق ھەققىدە



# دىكتاتورلۇق ھەققىدە

بىراۋ ئىنقىلابنى قوغداش ئۈچۈن دىكتاتورلۇق قىلمايدۇ، ئەكسىچە دىكتاتور بولۇش ئۈچۈن ئىنقىلاب قىلىدۇ. زۇلۇمنىڭ ئوبيېكتى زۇلۇم، قىيناشنىڭ ئوبيېكتى قىيناش، كۈچنىڭ ئوبيېكتى كۈچتۇر. —— جورج ئورۋېل، «1984»

سىز دىكتاتورلارنىڭ ئەسكەرلەرنىڭ ئىشتىكى (مىلتىققا ئورنىتىلغان نەيزە، تىغ، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، ت) ۋە ساقچىلارنىڭ كالتەكلىرى بىلەن قورشالغان سۇپىدا تۇرغانلىقىنى كۆرىسىز ... ئەمما ئۇلارنىڭ قەلبىدە ھېچكىم ئاڭلاپ باقمىغان قورقۇنچ بار. ئۇلار سۆزلەردىن ۋە ئوي ـ پىكىرلەردىن قورقىدۇ. چەتئەلدە سۆزلەنگەن سۆزلەر، ئۆز ۋەتىنىدە ئەبجەشلەشكەن پىكىرلەر ... —— چەكلەنگەنلىكى ئۈچۈن تېخىمۇ كۈچلىنىپ كەتكەن ھەرقانداق نەرسە —— ئۇلارنى قورقىتىدۇ. ئۆيدە كىچىككىنە بىر پىكىر چاشقىنى پەيدا بولغان ھامان، ئەڭ كۈچلۈك ھۆكۈمرانلارمۇ ساراسىمىگە چۈشىدۇ. —— ۋىنستون چېرچىل، «قان، تەر ۋە ياش»

بىز قورقساق، بارلىق مەسىلە ھەل قىلىش ۋە ئويلىنىش تۈيغۇمىزنى يوقىتىمىز. ۋەھىمىمىز بىزنى پالەچلەندۈرىدۇ. شۇنداقلا، قورقۇنچ ھەر بىر دىكتاتورنىڭ زۇلمىنىڭ ئارقىسىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولۇپ كەلدى. —— مارجېين ساتراپى، «جەمشىتنىڭ مۆكەممەل تەختى»

گاھىدا بىر جەمئىيەتكە سۈكۈت قىلىش ئۈچۈن بېسىم قىلىنغىنىدا، ئۇ ئۆزىنىڭ سۈكۈت قىلىش ھەققىنىمۇ يوقىتىپ قويىدۇ. —— كرىس جامى، «Killosophy»

«رەھىمدىل دىكتاتور» ئۇقۇمى خۇددى «ئالىيجاناب ئوغرى»، «ئىپپەتلىك پاھىشە» ئۇقۇملىرىغا ئوخشاشلا بىمەنە فانتازىيەدىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر. —— ئەلا ئەلئەسۋانىي، «مىسىر دۆلىتىدە: بىر يازغۇچىنىڭ قۇتراتقۇ خىياللىرى»

ئۇنۇتماڭلاركى، دىكتاتور بىلەن ھەقىقىي داھىي ئارىسىدىكى پەرق پەقەتلا ئۇلارنىڭ نىيىتىدىدۇر. —— ئابھىجىت ناسكار

ھوقۇق مەسئۇلىيىتى بار كۈچتۇر، ئۇنى چوقۇم مەسئۇلىيەتچان كىشىلەرگە تاپشۇرماق لازىم. —— ئامىت كالانترى، «سۆزلەر بايلىقى»

سىياسەتتە كەم بولۇۋاتقىنى رەھبەرلەرلا ئەمەس، روھنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە پۇقرالاردىكى ئادالەت تۇيغۇسىمۇ زور دەرىجىدە ئاجىزلاپ كەتتى. گېزىتلەر قويغا ئوخشايدىغان ئاممىنى ئىككى ھەپتە ئىچىدە

قاتتىق ھاياجانلاندۇرۇپ، ئۇلارنى بىر قانچە مەنپەئەتدار گۇرۇھنىڭ ئەرزىمەس نىشانلىرى ئۈچۈن فورما كىيىشكە، ئۆلتۈرۈشكە ۋە ئۆلتۈرۈلۈشكە تەييار ھالەتكە ئەكېلەلەيدۇ. — ئالبېرت ئېينىشتېين، «مەن كۆرگەن دۇنيا»

نېمە سەۋەبتىندۇر ئەيتاۋۇر، كىشىلەر دىكتاتورنى تەختكە چىقىرىشنىڭ ئۇنى غۇلىتىشتىن ئاسان ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىشىدۇ. — گاريي گاسپوروف، «قىش كەلمەكتە: نېمە ئۈچۈن ۋىلادىمىر پۇتىن ۋە ئەركىن دۇنيانىڭ دۈشمەنلىرى چوقۇم توختىتىلىشى كېرەك؟»

دىكتاتور ئېيتىدۇكى: سەن خالىغىنىڭنى ئويلىيالايسەن، ئەمما ئويلىغانلىرىڭنى ھەرگىز يازمايسەن ياكى سۆزلىمەيسەن. ئەگەر بۇ چەكتىن ئېشىپ كەتسەڭ، بەختەرلىككە كاپالەتلىك قىلالمايمىز. — بانگامبىكى هاميارىمانا، «بۈيۈك ھېكمەت مەرۋايىتى»

ھوقۇقتا سەۋدا بولغانلار دىكتاتور بولىدۇ، ھۆكۈمرانلارغا مەپتۇن بولغان كىشى قۇل بولىدۇ. — ئامىت كالانترى

نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى دىكتاتورلار كىشىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشتا ئورتاق نەپرەتنىڭ ئورتاق مۇھەببەتتىن بەكرەك كارغا كېلىدىغانلىقىنى بايقىدى. — داگوبېت، «تەپەككۇر لۇغىتى»

ماڭا بىر دانە قىلىچ بەرگىن، بىر ئىنسانىنى ئۆلتۈرەي؛ ماڭا بىر سادا بەرگىنكى، بىر دۆلەتنى ئۆلتۈرەي. — فافېي كونراد

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://dusunbil.com/diktatorluk-uzerine/

# چۈشكۈنلۈك دېگەن نېمە



# چۈشكۈنلۈك ھەققىدە پسخولوگىيلىك ساۋات

ئامېرىكا كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە كونترول قىلىش مەركىزى

## چۈشكۈنلۈك (Depression) زادى نېمە؟

چۈشكۈنلۈك نوقۇل ھالدا كەيپىياتنىڭ تۆۋەن بولۇشى ئەمەس. قايغۇلۇق كەيپىيات ئۇزاق داۋاملىشىپ، كۈندىلىك نورمال فۇنكسىيەلەرگە دەخلى يەتكۈزگەندە، ئاندىن چۈشكۈنلۈككە گىرىپتار بولغان بولۇشىڭىز مۇمكىن بولىدۇ. چۈشكۈنلۈكنىڭ ئالامەتلىرى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

* پات ـ پات ياكى ھەر دائىم قايغۇلىنىش ياكى تەشۋىشلىنىش

* ئىلگىرى قىزىقارلىق تۇيۇلغان ئىشلارنى قىلىشنى خالىماسلىق

* ئىچى تىتىلداش، ئاسانلا جىلە بولۇش ياكى بىئارام بولۇش

* ئۇخلىيالماسلىق ياكى ئۇيقۇدىن تولا ئويغىنىپ كېتىش

* بەك بالدۇر ئويغىنىپ كېتىش ياكى بەك ئۇخلاپ كېتىش

* ئادەتتىكىدىن ئاز ياكى كۆپ يېيىش؛ ۋەياكى ئىشتىھاسى تۇتۇلۇش

* ئاغرىق، ئازاب، باش ئاغرىقى ياكى ئاشقازان ئاغرىقى قاتارلىقلارغا دۇچار بولۇش ۋە بۇلارنىڭ داۋالاش بىلەنمۇ ياخشىلانماسلىقى

* دىققەتنى يىغىشتا، تەپسىلاتلارنى ئەسلەشتە ياكى قارار چىقىرىشتا قىينىلىش

* قېنىپ ئۇخلىغاندىن كېيىنمۇ ھارغىنلىق ھېس قىلىش

* ئۆزىنى گۇناھكار، ئەرزىمەس ياكى چارىسىز ھېس قىلىش

* ئۆلۈۋېلىشنى ياكى ئۆزىگە ئازار بېرىشنى ئويلاش

تۆۋەندىكى. ئۇچۇرلار چۈشكۈنلۈك كېسىلىگە تىببىي دىياگنوز قويۇشنى مەقسەت قىلمايدۇ، شۇندىلا روھىي ساغلاملىق مۇتەخەسسىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىشنىڭ ئورنىنىمۇ ئالالمايدۇ. ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنى چۈشكۈنلۈك كېسىلىگە گىرىپتار بولدۇم دەپ ئويلىسىڭىز، دەرھال دوختۇر ياكى روھىي ساغلاملىق مۇتەخەسسىسى بىلەن پاراڭلىشىڭ. ئەگەر كېسەللىك ئالامەتلىرىڭىز ئېغىرلاۋاتقان ياكى كۈندىلىك پائالىيىتىڭىزگە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان بولسا، بۇنداق قىلىش تېخىمۇ مۇھىم.

## چۈشكۈنلۈك كېسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىللار قايسىلار؟

چۈشكۈنلۈك كېسىلىنىڭ كونكرېت سەۋەبى ھېلىھەم ئېنىق ئەمەس. ئۇ ئىرسىي، بىيولوگىيەلىك، مۇھىتقا ئالاقىدار ۋە پسىخولوگىيەلىك ئامىللارنىڭ بىرىكىشىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. ئادەم بىلەن ئادەم پەرقلىنىسىمۇ، ئەمما تۆۋەندىكى ئامىللار كىشىلەرنىڭ چۈشكۈنلۈك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش ئېھتىماللىقىنى ئاشۇرۇۋېتىشى مۇمكىن:

* تۇغقانلىرى ئارىسىدا چۈشكۈنلۈك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ بار بولۇشى

* جىسمانىي ۋە جىنسىي پاراكەندىچىلىك، يېقىن ئادىمىنىڭ ئۆلۈمى ياكى ئىقتىسادىي مەسىلە قاتارلىق روھىي زەربە ياكى بېسىملىق ھادىسىلەرنى باشتىن كەچۈرۈش

* ھاياتتىكى زور ئۆزگىرىشلەرنى — ھەتتا پىلانلانغان بولسىمۇ — باشتىن كەچۈرش

* راك كېسىلى، سەكتە ياكى ئاستا خاراكتېرلىك ئاغرىق قاتارلىق ساغلاملىق مەسىلىلىرى بار بولۇش

* بەزى دورىلارنى ئىستېمال قىلىش. ئەگەر دورىلىرىڭىزنىڭ ئۆزىڭىزنى چۈشكۈنلەشتۈرۈۋەتكەنلىكىدىن گۇمانلانسىڭىز، دوختۇر بىلەن پاراڭلىشىڭ

* ھاراق ئىچىش ياكى زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش

## كىملەر چۈشكۈنلۈك كېسىلىگە گىرىپتار بولىدۇ؟

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، قۇرامىغا يەتكەن ھەر ئالتە كىشىنىڭ بىرى ھاياتىنىڭ مەلۇم مەزگىلىدە چۈشكۈنلۈك كېسىلىگە گىرىپتار بولىدۇ. چۈشكۈنلۈك كېسىلى ھەر يىلى تەخمىنەن 16 مىليون قۇرامىغا

يەتكەن ئامېرىكالىققا تەسىر يەتكۈزىدۇ. ھەر قانداق ئادەم چۈشكۈنلۈك كېسەلگە گىرىپتار بولۇشى، ئۇ ھەر قانداق ياشتا، ھەرقانداق تىپتىكى ئادەمدە كۆرۈلۈشى مۇمكىن.

چۈشكۈنلۈك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كىشىلەرنىڭ نۇرغۇنىدا باشقا روھىي ساغلاملىق مەسىلىلىرىمۇ بار. تەشۋىشلىنىش كېسىلى دائىم چۈشكۈنلۈك كېسىلىگە ياندىشىپ كېلىدۇ. تەشۋىشلىنىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار قاتتىق ۋە كونترول قىلغىلى بولمايدىغان تەشۋىش، قورقۇنچ، قايغۇ ۋە ياكى ۋەھىمە تۇيغۇلىرى بىلەن كۈرەش قىلىدۇ. بۇ ھېسسىياتلار كۈندىلىك پائالىيەتلەرگە دەخلى قىلىشى ۋە ئۇزۇن مۇددەت داۋاملىششى مۇمكىن.

## تاماكا چېكىش بىلەن روھىي كېسەللىكلەرنىڭ قانداق باغلىنىشى بار؟

نورمال كىشىلەرگە قارىغاندا، چۈشكۈنلۈك ۋە تەشۋىشلىنىش قاتارلىق روھىي ساغلاملىق مەسىلىلىرىگە دۇچار بولغان قۇرامىغا يەتكەن كىشىلەر ئارىسىدا تاماكا چېكىدىغانلارنىڭ نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ. ئامېرىكادا قۇرامىغا يەتكەنلەر چەككەن ھەر ئون تال تاماكىنىڭ تەخمىنەن ئۈچىنى روھىي ساغلاملىق مەسىلىلىرى بار كىشىلەر چېكىدۇ. تاماكا چەككۈچىلەرنىڭ نېمشقا تاماكا چەكمەيدىغانلارغا قارىغاندا ئاسانلا چۈشكۈنلۈك، تەشۋىشلىنىش ۋە باشقا روھىي ساغلاملىق مەسىلىلىرىگە گىرىپتار بولىدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس. بۇنى ئېنىقلاش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ تەتقىقاتلارنى قىلىش زۆرۈر. سەۋەبىنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تاماكا چېكىش چۈشكۈنلۈك ۋە تەشۋىشنى داۋالىيالمايدۇ. چۈشكۈنلۈك ۋە تەشۋىشلىنىش كېسىلىنى داۋالاش ئۈچۈن كەسپىي خادىملاردىن ياردەم سوراش ۋە تاماكا تاشلاش ئەھۋالىڭىزنى ياخشىلاشنىڭ ئەڭ توغرا ئۇسۇللىرىدىندۇر.

## چۈشكۈنلۈك كېسىلىنى داۋالاشنىڭ قانداق ئۇسۇللىرى بار؟

چۈشكۈنلۈك كېسىلىنى داۋالاشنىڭ نۇرغۇن ئۈنۈملۈك ئۇسۇللىرى بار. چۈشكۈنلۈك كېسىلىنى داۋالىغاندا، كېسەللىك ئالامەتلىرىنى ئازايتىپ، چۈشكۈنلۈكنىڭ داۋاملىشىش ۋاقتىنى قىسقارتقىلى بولىدۇ. بۇ جەھەتتىكى داۋالىنىش پىسخىك داۋالاشنى قوبۇل قىلىش ياكى دورا يېيىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دوختۇرىڭىز ياكى لاياقەتلىك روھىي ساغلاملىق مۇتەخەسسىسى قايسى خىل ئۇسۇلنىڭ سىزگە ئەڭ ماس كېلىدىغانلىقىنى بېكىتىپ بېرەلەيدۇ.

داۋالىنىش. نۇرغۇن كىشىلەر پسىخىكىلىق داۋالىنىشتىن ۋە مەسلىھەت ئېلىشتىن نەپ ئالىدۇ. كۆپىنچە داۋالاشلارنىڭ ۋاقتى قىسقا بولۇپ، ھاياتىڭىزدا كۆرۈلۈۋاتقان پىكىر، ھېسسىيات ۋە مەسىلىلەرگە مەركەزلىشىدۇ. بەزى ئەھۋاللاردا، ئۆتمۈشىڭىزنى چۈشىنىشنىڭ پايدىسى بولىسمۇ، ئەمما ھاياتىڭىزدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى ھەل قىلىش چارىسىنى تېپىش سىزنىڭ كەلگۈسىدىكى خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇشىڭىز ۋە تەييارلىق قىلىشىڭىزغا ياردەم بېرەلەيدۇ. سىز داۋالىنىش ئارقىلىق، داۋالىغۇچىڭىز (therapist) بىلەن ھەمكارلىشىپ، تۇرمۇشتىكى مۈشكۈلاتلارغا تاقابىل تۇرۇش، مەسىلە كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان قىلمىشلارنى ئۆزگەرتىش ۋە چارە تېپىش جەھەتتىكى ماھارەتلەرنى ئۆگىنەلەيسىز. ھېسسىياتىڭىزنى ۋە ئەندىشىلىرىڭىزنى ئوچۇق-يورۇقلۇق بىلەن ئېيتىشتىن خىجىل بولماڭ. بۇ ياخشىلىنىش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. داۋالاشنىڭ بەزى ئورتاق نىشانلىرى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

تېخىمۇ ساغلام بولۇش

تاماكا، زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ھاراقنى تاشلاش

قورقۇنچ ياكى خەۋپسىرەش ئۈستىدىن غالىب كېلىش

بېسىمغا تاقابىل تۇرۇش

ئۆتمۈشتىكى ئازابلىق ۋەقەلەرنى چۈشىنىش

چۈشكۈنلۈكنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدىغان ئامىللارنى تېپىپ چىقىش

ئۇرۇق-تۇغقان ۋە دوستلار بىلەن تېخىمۇ ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىش

بەزى ئىشلارنىڭ ئۆزىڭىزنى نېمىشقا بىئارام قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش پىلانى تۈزۈش

## <u>دورا</u>

چۈشكۈنلۈك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان نۇرغۇن كىشىلەر «چۈشكۈنلۈككە قارشى تۇرۇش دورىسى» دەپ ئاتىلىدىغان رېتسېپلىق دورىلارنى ئىستېمال قىلىشنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كەيپىياتىنى ياخشىلىشىغا ۋە چۈشكۈنلۈككە تاقابىل تۇرۇش ماھارىتىنى ئاشۇرۇشىغا ياردىمى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. دوختۇرىڭىز بىلەن شۇ خىل دورىلارنىڭ سىزگە ماس كېلىدىغان-كەلمەيدىغانلىقى ھەققىدە پاراڭلىشىڭ. ئەگەر دوختۇرىڭىز سىزگە «چۈشكۈنلۈككە قارشى تۇرۇش دورىسى» يېزىپ بەرسە، دورىلارنى قانچە ۋاخ، قانچىلىك مىقداردا يەيدىغانلىقىڭىزنى ئېنىق سورىۋېلىڭ. ئەگەر سىز ئاللىقاچان نىكوتىننىڭ ئورنىنى ئالىدىغان داۋالاشنى قوبۇل

قىلغۇاتقان ياكى تاماكا تاشلىشىڭىزغا ياردەم قىلىدىغان باشقا دورىلارنى ئىستېمال قىلغۇاتقان بولسىڭىز، بۇنى چوقۇم دوختۇرىڭىزغا ئېيتىڭ. «چۈشكۈنلۈككە قارشى تۇرۇش دورىلىرى»نىڭ ھەرخىل تۈرلىرى بار، دوختۇرىڭىز بىلەن بىللە شۇلارنىڭ ئارىسىدىن تاللىسىڭىز بولىدۇ. بەزىدە سىزگە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان دورىنى تېپىش ۋە دورىنىڭ مىقدارىنى بېكىتىش ئۈچۈن بىر قانچە قېتىم سىناق قىلىشقا توغرا كېلىشى مۇمكىن، شۇڭا بۇ جەھەتتە سەۋر قىلىڭ. بۇنىڭدىن سىرت، تۆۋەندىكى مۇھىم ئۇچۇرلارغا دىققەت قىلىڭ:

بۇ دورىلارنى ئىستېمال قىلغاندا، دورىنىڭ مىقدارى جەھەتتە ئىشلىتىش كۆرسەتمىسىگە ئەمەل قىلىش تولىمۇ مۇھىم. بەزى كىشىلەر دورا ئىشلىتىپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىنلا ئۆزىنى ياخشىلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلىشقا باشلايدۇ، لېكىن ئۈنۈمنىڭ ئەڭ زور چەككە يېتىشىگە تۆت ھەپتە ۋاقىت كېتىشى مۇمكىن. چۈشكۈنلۈككە قارشى تۇرۇش دورىلىرىنىڭ ئۈنۈمى ياخشى ھەمدە نۇرغۇن كىشىلەر ئۈچۈن بىخەتەر بولسىمۇ، دورىلارنىڭ ئەكس تەسىرى كۆرۈلسە، يەنىلا دوختۇر بىلەن پاراڭلىشىشىڭىز زۆرۈر. ئادەتتە بۇ دورىلارنىڭ ئەكس تەسىرلىرى كۈندىلىك تۇرمۇشقا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ ۋە بەدەننىڭ دورىغا ماسلىشىشىغا ئەگىشىپ يوقىلىدۇ.

دوختۇردىن مەسلىھەت سورىماي تۇرۇپلا، چۈشكۈنلۈككە قارشى تۇرۇش دورىلىرى ئىستېمال قىلىشنى توختاتماڭ. دورىنى تۇيۇقسىز توختىتىش كېسەللىك ئالامەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى ياكى چۈشكۈنلۈكنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىشى مۇمكىن. دورا مىقدارىنى بىخەتەر تەڭشەش ئۈچۈن دوختۇرىڭىزغا مەسلىھەت سېلىڭ.

بەزى چۈشكۈنلۈككە قارشى تۇرۇش دورىلىرى ھامىلدارلىق مەزگىلىدە خەتەر ئەكېلىشى مۇمكىن. ئەگەر سىز ھامىلىدار بولسىڭىز ياكى ھامىلدار بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان بولسىڭىز، بۇ ھەقتە دوختۇر بىلەن مەسلىھەتلىشىڭ.

چۈشكۈنلۈككە قارشى تۇرۇش دورىلىرى بارلىق مەسىلىلىرىڭىزنى ھەل قىلالمايدۇ. كەيپىياتىڭىزنىڭ ناچارلاشقانلىقىنى ھېس قىلسىڭىز ياكى ئۆزىڭىزنى زەخىملەندۈرۈش خىيالىڭىزغا كەلگەن بولسا، دەرھال دوختۇرىڭىزغا تېلېفون قىلىڭ.

تاماكا تاشلاش روھىي داۋالىنىشقا دەخلى يەتكۈزمەيدۇ ياكى چۈشكۈنلۈكنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، تاماكا تاشلاش ئۇزۇن مۇددەتلىك روھىي ساغلاملىقىڭىزنى ياخشىلايدۇ.

## چۈشكۈنلۈك كېسىلى ۋە ئۆلۈۋېلىش: كرىزىستا ياردەمگە ئېرىشىش

چۈشكۈنلۈك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بەزى كىشىلەر ئۆزىنى زەخىملەندۈرۈشنى ياكى ئۆلۈۋېلىشنى ئويلىشى مۇمكىن. ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنى زەخىملەندۈرۈشنى ياكى ئۆلۈۋېلىشنى ئويلاۋاتقان بولسىڭىز ياكى

**سز تونۇيدىغان بىرەيلەن شۇنداق قىلماقچى بولۇۋاتقان بولسا، دەرھال باشقىلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىڭ. تۆۋەندىكى مەنبەلەردىن ياردەم سورىسىڭىز بولىدۇ:**

*** جىددىي قۇتقۇزۇش مەركىزىگە تېلفۇن قىلىڭ ياكى ئەڭ يېقىن دوختۇرخانىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمگە بېرىڭ**

*** دوختۇرىڭىزغا تېلېفون قىلىڭ**

*** يېقىن دوستىڭىز ياكى تۇغقانلىرىڭىز بىلەن ئالاقىلىشىڭ**

ئىنگىلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://www.cdc.gov/tobacco/campaign/tips/diseases/depression-anxiety.html

# شەخسىيەتچىلىك ھەققىدە



# شەخسىيەتچىلىك ھەققىدە ئەقلىيە سۆزلەر

1. شەخسىيەتچىلىك كىشىنىڭ ئۆزى خالىغانچە ياشىشى ئەمەس، بەلكى باشقىلاردىن ئۆز خاھىشىغا بويسۇنۇپ ياشاشنى تەلەپ قىلىشىدۇر. ــــ ئوسكار ۋايلد

2. پەۋقۇلئاددە شەخسىيەتچى كىشىلەر ھەمىشە ئۆزىنىڭ نېمىنى ئارزۇلايدىغانلىقىنى تولىمۇ ئېنىق بىلىدۇ ـ يۇ، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئويلىنىشقا زېھىن ئۇپرىتىپ يۈرمەيدۇ. ــــ ئوۋىدا ۋاندا

3. ئەگەر مەن ياقتۇرمايدىغان بىر نەرسە بار بولسا، ئۇ دەل مەن دەردىمنى تۆككەندە (ماڭا قۇلاق سېلىشنىڭ ئورنىغا) ئۆز دەردىنى تۆكۈپ كېتىدىغان كىشىدۇر. ــــ P.G ۋودخاۋس

4. ئۆلۈۋېلىش ئەمەلىيەتتە سېنىڭ دوستلىرىڭغا، سۆيۈملۈك كىشىلىرىڭگە، تېخىمۇ كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا پۈتكۈل دۇنياغا «بىردىنبىر مۇھىم نەرسە مەندۇرمەن، مېنىڭ مەسىلىلىرىمنىڭ ھەل بولۇشىدىن ئۈمىد قالمىغانىكەن، مەن ھەرقايسىڭدىن قېچىپ، دوزاختا يول ئېلىشقا ھەقلىقمەن» دېگەنلىكىڭدۇر. ــــ كىرىستىن ۋارېن

5. جەمئىيەتتىكى ھەرقانداق تەبىقىدە، مىننەتدارلىق ئىنسانىي پەزىلەتلەر ئارىسىدا ئەڭ كەم ئۇچرايدىغىنىدۇر. ــــ ۋىلكىي كولىنىس

6. مەن شۇنىڭدىن تولىمۇ مىننەتداركى، ئارىمىزدا بىز ئۈچۈن غايەت زور قۇربانلىق بېرىدىغانلار بار. مەن تەڭرىگە سەمىمىي دۇئا قىلىپ، مېنى ئۆزۈمگە ئەمەس، شۇلارغا ئوخشايدىغان قىلىپ قويۇشىنى تىلەيمەن. ــــ كرېيگ لوۋنسبرووۋ

7. كىشىنىڭ ئۆز ئارزۇسىغا يېتىش ئۈچۈن قىلغان ـ ئەتكەنلىرى ئۇنىڭ ئادىمىيلىكىنىڭ ئەڭ روشەن ئىپادىسىدۇر. ـــ هال ئاكېرمان

8. ئەگەر سەن تەڭرىگە ئىبادەت قىلمىساڭ، چوقۇم باشقا بىر نەرسىگە ئىبادەت قىلىسەن. شۇنداقلا، ئون قېتىمنىڭ توققۇزىدا سېنىڭ ئىبادەت قىلغىنىڭ «ئۆزۈڭ» بولۇپ چىقىدۇ. سېنىڭ تەڭرىگە ئىبادەت قىلىش مەجبۇرىيىتىڭ بار، بۇ يەردە ھەرگىزمۇ سەن ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلمىساڭ، ئۇ نۇقسانلىق ۋە پەرىشان بولۇپ قالىدىغان ئىش يوق. ئەكسىچە، تەڭرىگە ئىبادەت قىلىشنى تەرك ئەتسەڭ، سەن ئۆزۈڭ نۇقسانلىق ۋە پەرىشان بولۇپ قالىسەن. ـــ فۇلتون شىن

9. شەخسىيەتچىلىك بىلەن ياشاش تەڭرىنىڭ سېنى يارىتىشتىكى مۇددىئاسىغا زىتتۇر. ـــ ساندېي ئادېلاژا

10. قورقۇنچ كىشىنى شەخسىيەتچى قىلىۋېتەلەيدۇ. ـــ سىسى فاتىمە

11. شەخسىيەتچى ئىنسان ساڭا پەقەت ئۆزىنىلا ياخشى كۆرۈشنى ئۆگىتىدۇ. ـــ تامېرلان كۆزگوف

12. شەخسىيەتچى ئىنسانلار ئۆزگىلا ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ ـ يۇ، ئاندىن يالغۇز قالغانلىقىدىن ھەيران قالىدۇ. ـــ ستىۋ مارابولى

13. شەخسىيەتچىلىك كىشىنى ھاياتى بويىچە كورلۇقتا مەھكۇم قىلىدۇ. ـــ ھەزرەت ئىنايەت خان

14. سادىر قىلىنغان جىنايەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تېگىدە دېگۈدەك ئاللىقانداق شەخسىيەتچى سەۋەبلەر ياتقان بولىدۇ. شەخسىيەتچىلىك بىز باشقىلاردا بولۇشنى ئۆچ كۆرىدىغان، ئەمما ئۆزىمىزدە بولۇشنى يوللۇقلاشتۇرىدىغان بىر خۇسۇسىيەتتۇر. ـــ ستىفېن كېندرىك

15. تېپىز ئىنسان بىلەن چوڭقۇر مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى كۈتسەڭ بولمايدۇ. ـــ دوۋ زانتاماتا

16. شەخسىيەتچىلىك ــــ ئۆزىنىڭ بەدەل تۆلەش ئىقتىدارىنى ھېچقاچان سىناپ باقمىغان كىشىلەر ئاسانلا چىقىرىدىغان ھۆكۈمدۇر. ــــ جورج ئېلىيوت

17. قانۇننىڭ شەخسىيەتچى كىشىلەرگە بولغان رولى دەل قەپەزنىڭ يىرتقۇچ ھايۋانلارغا بولغان رولىغا ئوخشايدۇ. ــــ ھېربېرت سپېنسېر

18. كىشى ئۆز مەنپەئەتىنى قوغلاشقانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى قوشنىسىنىڭ مەنپەئەتىنى نەزەردىن ساقىت قىلغانلىقى ئۈچۈن شەخسىيەتچى دەپ ئاتىلىدۇ. ــــ رىچارد ۋېيتلېي

19. شەخسىيەتچىلىك ئاچكۆزلۈككە، ئاچكۆزلۈك بولسا روھنىڭ ھالاكىتىگە سەۋەب بولىدۇ. ــــ زارىنا بىبى

20. قەھرىمان بىلەن لۈكچەكنىڭ بىردىنبىر پەرقى شۇكى، لۈكچەك ئۆز كۈچىنى شەخسىيەتچىلىك بىلەن باشقىلارغا زىيان سېلىشقا ئىشلىتىدۇ. ــــ چادۋىك بوسمەن

21. شەخسىيەتچىلىك ھەممىنى يۇتۇۋېتىپ، ھېچنەرسە بەرمەيدىغان پاتقاقلىقتۇر. ــــ جون سورنتون

22. نادان كىشىلەرلا كۆپچىلىكنى بەدەل قىلىش ئارقىلىق ئۆز مەنپەئەتىگە يېتىشنى ئويلايدۇ. شۇ ۋەجىدىن، نادانلار ھەقىقىي شەخسىيەتچىلەردۇر. ھەقىقىي ئاقىل كىشى ھەرگىز شەخسىيەتچى بولمايدۇ. ــــ رالف ۋالدو ئىمېرسون

23. ئۆزمەركەزچىلەرنىڭ بىرلا پارىڭى تېمىسى بار، ئۇ بولسىمۇ ئۆزى. ــــ ستېفى خاردېر

24. شەخسىيەتچى كىشىلەر باشقىلارنى سۆيۈشكىلا ئەمەس، ھەتتا ئۆزلىرىنى سۆيۈشكىمۇ قادىر ئەمەس. ــــ ئېرىك فروم

25. ئۆزىڭىزنى ئاۋۋال ئويلىشىڭىز شەخسىيەتچىلىك ئەمەس، ئەمما ھەرۋاقىت ئۆزىڭىزنىلا ئويلىشىڭىز شەخسىيەتچىلىكتۇر. ــــ جورج دانتېل

26. ھەرۋاقىت ھەممىگە نەرسىگە ئېرىشىشنىڭ كويىدا يۈرىدىغانلار ھەرقاچان ھەر نەرسىدىن مەھرۇم قالىدۇ. ــــ ۋىكرانت پارساي

27. شەخسىيەتچىلىك ئىنسان بالىسىنىڭ ۋۇجۇدىدا تېپىلىدىغان ئەڭ جەلپسىز خۇسۇسىيەتتۇر. ــــ سۇياشا سۇبېدى

28. زور ئۇتۇقلار ھەمىشە زور بەدەللەردىن كېلىدۇ، ئۇ ھېچقاچان شەخسىيەتچىلىكنىڭ مەھسۇلى ئەمەس. ــــ ناپالېئون خىل

29. مۇناسىۋەتنى تىرەپ تۇرىدىغىنى شەخسىيەتچىلىك ئەمەس، شەخسىيەتسىز سۆيگۈدۇر. ــــ ئۇرۋاشى ئاگارۋال

30. شەخسكە نىسبەتەن، شەخسىيەتچىلىك روھنى چىركىنلەشتۈرىدۇ. ئىنسانىيەت ئۈچۈن بولسا، بۇ نەسلىنىڭ قۇرۇشىدىن دېرەك بېرىدۇ. ــــ دېيۋىد مىتچېل

31. بەزى كىشلەر سىزدىن قانچىلىك پايدىلىنالىسا، سىزنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىدۇ. ــــ تامارا رېنېي

32. سىز كىشلەرنىڭ دەسسەپ ئۆتۈشى ئۈچۈن يەردە يېتىپ بەرسىڭىز، ئۇلار دۈمبىڭىزنىڭ تەكشى ئەمەسلىكىدىن قاقشىشىدۇ. ــــ مەچۇر گامبىنو

33. شەخسىيەتچىلىك قەلبتىكى پېقىرلىقتىن، يەنى «مېھىر-مۇھەببەت باشقىلار بىلەن ئورتاقلاشقۇدەك دەرىجىدە كۆپ ئەمەس» دېگەن چۈشەنچىدىن مەنبەلىنىدۇ. ــــ دون مىگېل رۇيز

**34. شەخسىيەتچىلىك كىشىدە ئۆستۈنلۈك تۇيغۇسى پەيدا قىلىشى مۇمكىن، ئەمما ھايات ھامىنى بۇ تۇيغۇنىڭ خاتالىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ـــ ئېرالدو بانوۋاك**

**35. ھەربىر ئىنسان چوقۇم ئىجادچان شەخسىيەتسىزلىكنىڭ نۇرى ئاستىدا ياكى ۋەيران قىلغۇچ شەخسىيەتچىلىكنىڭ قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە مېڭىشتىن بىرىنى تاللىشى كېرەك. ـــ مارتىن لۇسېر كىڭ**

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى



# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر

**(2023 -يىلى 6– ئاينىڭ 27 – كۈنىدىن 7 – ئاينىڭ 29 - كۈنىگىچە)**

# ئايلىق خەۋەرلەر

(2023 ـ يىلى، 7 ـ ئاي)

## كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارىغا ئوچۇق خەت يازدى

«كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى» 27 ـ ئىيۇن ئۆزىنىڭ ئورگان تور بېتىدە، شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتى، ھىندىستاندىكى بارغانسېرى ئېغىرلاۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق كرىزىسى ۋە دارفۇردىكى ۋەزىيەتنىڭ بارغانسېرى ناچارلىشىۋاتقانلىقى توغرىسىدا ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارىغا ئوچۇق خەت ئېلان قىلغان بولۇپ، مەزكۇر خەتنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار قىسمى تۆۋەندىكىچە:

ئالىي كومىسسار! بىر قانچە ۋەكىللەر ئۆمىكى كۆلتۈرەل باستۇرۇش مەسىلىسىگە بولغان ئەندىشىسىنى ئىپادىلىدى. كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى ئىشخانىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى توغرىسىدىكى دوكلاتىدا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە زور كۆپچىلىكى مۇسۇلمانلار بولغان باشقا مىللەتلەرنىڭ كۆلتۈرىنى، تىلىنى، دىنىنى ۋە كىملىكىنى سىستېمىلىق باستۇرغانلىقى، شۇنداقلا كەڭ كۆلەمدە خالىغانچە تۇتۇپ تۇرۇش، ئائىلىنى پارچىلىۋېتىش، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش، قىيناش ۋە مەجبۇرىي غايىب قىلىۋېتىش قاتارلىق ئەھۋاللارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە بۇلارنىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت شەكىللەندۈرىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. بىز دوكلاتتىكى تەۋسىيەلەرگە بىنائەن «كونكرېت ھەرىكەتلەر قوللىنىلىشى كېرەك» دېگەن سۆزىڭىزنى ئالقىشلايمىز. ئالىي كومىسسار! سىز قوللىنىش كېرەك دېگەن ھەرىكەتلەر زادى قايسىلار؟ سىز خىتاينىڭ كەڭ كۆلەملىك كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى داۋاملىق نازارەت قىلامسىز ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسىنى ئاشكارا دوكلات قىلامسىز؟ ئىشخانىڭىز يوقاپ كەتكەن ۋە خالىغانچە قولغا ئېلىنغانلارنى ئېنىقلاش، شۇنداقلا ئۇلارنى يېقىنلىرى بىلەن جەم قىلىش ئۈچۈن قانداق تەدبىرلەرنى قوللىنىشنى پىلانلىدى؟

## ئامېرىكا پرېزىدېنت نامزاتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى بىلمەسلىكى غۇلغۇلا قوزغىدى

« CBS خەۋەلىرى» تورىنىڭ 28 ـ ئىيۇندىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكا پىرىزدېنتلىق سايلىمىنىڭ نامزاتى، مىئامى شەھەر باشلىقى فرانسىس سۇئارېز خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە دۇچ كەلگەن ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن قاتتىق تەنقىدلەنگەن. پودكەست رىياسەتچىسى خاگ خېۋىت سۇئارېزدىن سايلامدا ئۇيغۇرلار ھەققىدە گەپ قىلىدىغان ـ قىلمايدىغانلىقىنى سورىغاندا، فرانسىس سۇئارېز «ئۇيغۇرلار دېگەن نېمە؟» دەپ ياندۇرۇشلاپ سورىغان.

خېۋىتنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى سوئالىغا قارىتا قىيىن ئەھۋالدا قالغان سۇئارېز ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى مەلۇماتىنى تولۇقلايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، سۇئارېز: «مەن ھېلىقى نېمىتى ــ ۋىبول (weeble) دېدىڭما ــ توغرىسىدا ئىزدىنىمەن» دېگەن.

سۇئارېز پروگراممىدىن كېيىن تىۋىتېردا ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ قىسمىتىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «ئۇلار ئېتىقادى سەۋەبلىك قۇل قىلىندى. بۇ يەردىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالى پەۋقۇلئاددە ناچار، خىتايدا بارلىق ئېتىقاد ساھىبلىرى ئازاب ـ ئوقۇبەت چېكىدۇ. مەن دوستۇم خاگ خېۋىتنىڭ تەلەپپۇزىنى ئاڭقىرالماپتىمەن، مەسىلە مەندە.»

## ھىندىستاندا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئۇيغۇرلار ھاريانا تۈرمىسىگە يۆتكەلدى

«thewire» تورىنىڭ 28 ـ ئىيۇندىكى خەۋىرىگە كۆرە، تاراتقۇلار 2013 ـ يىلى خىتاي ـ ھىندىستان چېگراسىدا قولغا ئېلىنغان ئۈچ ئۇيغۇر ئاكا ـ ئۇكىنىڭ قىسمىتىگە يېقىندىن دىققەت قىلىۋاتقان مەزگىلدە، جاممۇ كەشمىر ھۆكۈمىتى بۇ ئۈچەيلەننىڭ ئىسسىق ھاۋا كىلىماتىغا كۆنەلمىگەنلىكىگە قارىماستىن، ئۇلارنى ھاريانا تۈرمىسىگە يۆتكىۋەتكەن. ھالبۇكى، بۇ قېرىنداشلار جاممۇ مەركىزىي تۈرمىسىگە قامالغان مەزگىلدە ئىسسىق ھاۋاغا چىدىيالمىغانلىقتىن، سوغۇقراق جايغا ئەۋەتىلىشنى تەلەپ قىلغانىدى.

ئۇلار 2015 ـ يىلى بىر يېرىم يىللىق جازا مۇددىتىنى ئۆتىگەندىن كېيىن، ئاتالمىش «جامائەت خەۋپسىزلىكى قانۇنى»غا ئاساسەن سەۋەبسىز ھالدا تۈرمىدە يېتىۋاتقىلى سەككىز يىل بولدى.

2023 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، جاممۇ كەشمىر ھۆكۈمىتى ئىچكى ئىشلار تارمىقى ئۇلارنى جاممۇ مەركىزى تۈرمىسىدىن ھاريانا تۈرمىسىگە يۆتكەش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن بولۇپ، بۇنىڭ مەزكۇر ئاكا ـ ئۇكىلار ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى ھازىرچە نامەلۇم.

## تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ب د ت غا بېسىم ئىشلەتتى

«خىتاي پروجېكتى» تورىنىڭ 29 ـ ئىيۇندىكى خەۋىرىگە كۆرە، شەرقىي تۈركىستاندا يوقاپ كەتكەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ئىزدەۋاتقان مۇھاجىرەتتىكى مۇسۇلمان ئۇيغۇر پائالىيەتچىلەر ب د ت نى خىتاينىڭ

ئۇيغۇرلارغا ھېچقانداق جىنايەت سەۋەبلىك ئەمەس، بەلكى ئېتىقادى سەۋەبىدىن ھۇجۇم قىلغانلىقىنى ۋە ئۇلارنى تۈرمىگە تاشلىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا ۋە ئالتە ئاي ئىچىدە تۆلەم بىلەن قويۇپ بېرىشكە قىستاش ھەققىدە بېسىم قىلغان.

ب د ت نىڭ خالىغانچە تۇتۇپ تۇرۇش مەسىلىلىرى توغرىسىدىكى خىزمەت گۇرۇپپىسى 4 ـ ئايدىكى دوكلاتىدا ئىستانبۇلدىكى «خىتاي جازا لاگېرلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلار تەشكىلاتى» (CCCV) تونۇشلىغان دەلىل ـ ئىسپاتلارغا ئاساسەن، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى تۇتقۇن قىلىشتا ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلىق سالاھىيىتىنى ئاساس قىلغانلىقىنى ۋە شۇ سەۋەبلىك «دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى»غا خىلاپلىق قىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

«خىتاي جازا لاگېرلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلار تەشكىلاتى»نىڭ مەسئۇلى مەدىنە نازىمى 21 ـ ئىيۇن ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا «خىتاي پروجېكتى»غا مۇھاجىرەتتىكى ئۈچ ئۇيغۇرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى دوكلاتىنىڭ نەتىجىسىنى ئېلان قىلغانلىقىنى ئېيتقان ۋە مۇنداق دېگەن: «كۆپ يىللىق نامايىش ھەمدە خىتاينىڭ ئەنقەرەدىكى باش ئەلچىخانىسىغا ۋە ئىستانبۇلدىكى كونسۇلخانىسىغا بېرىپ، ئەھۋالىمىزنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، (ب د ت) خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ دوكلاتى پائالىيىتىمىزنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى. خىتاي بىزنى نەزەردىن ساقىت قىلىشى مۇمكىن، ئەمما ئۇ ب د ت نىڭ دوكلاتىغا قۇلاق يوپۇرۇۋالالمايدۇ.»

مەزكۇر گۇرۇپپىنىڭ دوكلاتىدا نەقىل قىلىنغان ئۈچ ئۇيغۇرنىڭ ئائىلىسىگە ئادۋوكاتلىق قىلغان تۈركىيەدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئادۋوكاتى گۈلدەن سۆنمەز: «بۇ ئىنتايىن مۇھىم قارار» دېگەن. ئۇ يەنە غايىب بولغان ئۇيغۇرلارغا ئالاقىدار 11 دېلونى ب د ت خىزمەت گۇرۇپپىسىغا يوللىغان بولۇپ، بۇلاردىنمۇ ئوخشاش نەتىجىگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلماقتا ئىكەن.

## ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىگە چېتىشلىق مەھسۇلاتلارنى پەرقلەندۈرۈشتە سۈنئىي ئىدراك قورالى قوللىنىلماقتا

«فوكس خەۋەرلىرى» تورىنىڭ 1 ـ ئىيۇلدىكى خەۋىرىگە كۆرە، يېقىندا 100 مىليون دوللار مەبلەغ توپلىغان Altana Technologies دېگەن سۈنئىي ئىدراك شىركىتى Altana Atlas ناملىق سۈنئىي ئىدراك قورالىنى ياساپ چىققان بولۇپ، بۇ قورال ئامېرىكا «تاموژنا ۋە چېگرا قوغداش ئىدارىسى» تەرىپىدىن ئىمپورت ئەھۋالىنى ئىز قوغلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلمەكتە. ئۇ يەنە توشۇش ۋە ئەشيا ئوبوروتى ماگناتى Maersk، دورا شىركىتى مېرك، بوستون پەن ـ تېخنىكا شىركىتى قاتارلىق شىركەتلەر تەرىپىدىن «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى»غا خىلاپلىق قىلىشتىن ساقلىنىش ھەمدە مەجبۇرىي ئەمگەكنى

تۆپ يىلتىزىدىن يوقىتىش ۋە جازا تەدبىرلىرىنىڭ ئىجرائاتىغا كاپالەتلىك قىلىش مەقسىتىدە تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىش ئۈچۈن ئىشلىتىلمەكتە.

Altana شىركىتىنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى ۋە قۇرغۇچىسى ئېۋان سىمىسنىڭ بىلدۈرۈشىچە، مەزكۇر شىركەتنىڭ تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىش سىستېمىسى «گۇگۇل يەرشارى تەمىنلەش زەنجىرى خەرىتىسى»گە ئوخشايدىغان بولۇپ، ئۇ ھەر خىل شەكىلدە ئەشيا ئوبوروتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شىركەتلەرنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، «A نۇقتىدىن B نۇقتىغىچە بولغان باغلىنىش ۋە مەھسۇلات ئايلىنىشى»نى كۆرسىتىپ بېرىدىكەن.

«بىز سۈنئىي ئىدراك ئارقىلىق پەۋقۇلئاددە قالايمىقان بۇ سانلىق مەلۇماتلارنى بىر تەرەپ قىلىۋاتىمىز. بۇ توشۇش سانلىق مەلۇماتلىرى، سودا سانلىق مەلۇماتلىرى، شىركەت تىزىملاش سانلىق مەلۇماتلىرى ۋە سىتېۋېلىش سانلىق مەلۇماتلىرىدىن ئىبارەت مىلياردلىغان خاتىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز ئۇنى ئوچۇق، بىر پۈتۈنلەشكەن رەسىمگە ئايلاندۇرىمىز، بۇنى پەقەت سۈنئىي ئىدراك بىلەنلا قىلغىلى بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ بۇ ئىشلارنى مۇۋاپىق ۋاقىت ئىچىدە قىلىپ بولالىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا بىز سۈنئىي ئىدراك ئارقىلىق خەرىتە سىزىپ چىقىمىز، ئاندىن تەمىنلەش زەنجىرى پائالىيىتى، شىركەتلەر، مەھسۇلات مۇناسىۋىتى، بولۇپمۇ نىشانلىق مەجبۇرىي ئەمگەك توغرىسىدىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىمىز» دېدى سىمىس.

## ختاي داۋاملىق ئامېرىكا پۇقرالىرىنى ئەسىرگە ئالماقتا

«تېلېگراف» تورىنىڭ 5-ئىيۇلدىكى خەۋىرىگە كۆرە، 6-ئاينىڭ 30-كۈنى، ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى ئۆزىنىڭ رەسمىي تور بېكىتىدە ئامېرىكا پۇقرالىرىغا «ختاي چوڭ قۇرۇقلۇقى»غا، «خوڭكوڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى»غا ۋە «ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى»غا ساياھەت قىلىشتا «ياخشى ئويلىنىش»نى تەۋسىيە قىلغان ھەمدە بۇنىڭ سەۋەبىنىڭ بۇ جايلاردا «يەرلىك قانۇنلارنىڭ قالايمىقان ئىجرا قىلىنىدىغانلىقى» ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. ئىگىلىنىشىچە، ھازىر 200 نەپەر ئامېرىكا پۇقراسى «گۇماندار» سۈپىتىدە ياكى نائېنىق سەۋەبلەر بىلەن ختايدا تۇتۇپ تۇرۇلماقتا ئىكەن.

تەتقىقاتچىلار ختاينىڭ بۇ قىلمىشىنى «تۇتقۇن دىپلوماتىيەسى» دەپ ئاتاشقان بولۇپ، جورج ۋاشىڭتون قانۇن ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى دونالد كلارك بۇ ھەقتە مۇنۇلارنى بىلدۈرگەن: «ختاي كىشىلەرنى گۆرۈگە ئېلىشنى قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان دىپلوماتىك ئۇسۇل دەپ قارايدۇ. ئىككى نەپەر داڭلىق كانادا پۇقراسىنىڭ ختايدا سوتلانماستىن ئۈچ يىل تۇتۇپ تۇرۇلغانلىقى ھەممىگە مەلۇم بولۇپ، بۇ كانادانىڭ خۇاۋېي شىركىتىنىڭ باش مالىيە ئەمەلدارى مېڭ ۋەنجوۋنى قولغا ئالغانلىقىغا قايتۇرۇلغان ئىنكاستۇر.»

تەتقىقاتچىلارنىڭ بىلدۈرۈشىچە، شى جىنپىڭ تەختكە چىققاندىن بۇيان، خىتاينىڭ تاشقى سىياسەت تۈتۈمى بارغانسېرى ئۆكتەملەشكەن بولۇپ، چەتئەل پۇقرالىرىنىڭ ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلى خىتايدا تۇتقۇن قىلىنىش خەۋپىمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا ئاشقان.

## بېنگال مۇسۇلمانلىرى 5 ـ ئىيۇل ئۈرۈمچى قەتلىئامىنى خاتىرىلىدى

«theprint» تورىنىڭ 6 ـ ئىيۇلدىكى خەۋىرىگە كۆرە، 5 ـ ئىيۇل ئۈرۈمچى قەتلىئامىنى خاتىرىلەش ھەمدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى بىلەن ھەمنەپەس ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلىش ئۈچۈن، شۇ كۈنى بېنگالنىڭ ئوخشىمىغان جايلىرىدا نامايىش ۋە مەجلىسلەر ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، نامايىشچىلار خىتاينىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى داۋاملىق پاراكەندە قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە قىيىن ـ قىستاققا ئالغانلىقىنى ئەيىبلىگەن.

ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىنىڭ 14 يىللىق خاتىرە كۈنىدە، بېنگالنىڭ نارايانجانج شەھرىدە «سانچېتان ناگارىك ساماج» تەشكىلاتى ئاۋۋال نامايىش ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن ئىنسان زەنجىرى ھاسىل قىلىپ خىتاينىڭ قىلمىشلىرىغا ئېتىراز بىلدۈرگەن. نامايىش جەريانىدا، 350~400 نەپەر نامايىشچى بېنگالچە ۋە ئېنگلىزچە يېزىلغان لوزۇنكا ـ پىلاكاتلارنى كۆتۈرۈپ، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ قىينىچىلىقىنى گەۋدىلەندۈرگەن. ئۇلار يەنە خىتاينىڭ مىليونلىغان ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى تۈرمىگە تاشلىغانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈرگەن ۋە بېنگال خەلقىنى خىتاينىڭ ئىنسانىيلىققا زىت قىلمىشلىرىنى ئەيىبلەشكە چاقىرغان.

بۇنىڭدىن سىرت، «بېنگال ئىسلام ھەرىكىتى» داككا ئاخبارات كۇلۇبىدا نامايىش ۋە مەجلىس تەشكىللىگەن. پائالىيەتكە «بېنگال ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ ئەمىرى ئەبۇ زەفەر قاسىمى ۋە رەئىسى خەيرۇل ئەھسەن باشچىلىقىدىكى 250~300 كىشى قاتناشقان. پائالىيەتتە نۇتۇق سۆزلىگۈچىلەر خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى ئەيىبلىگەن ۋە خىتاينىڭ بىگۇناھ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا قارىتا، باستۇرۇش قىلىش، ئۆلتۈرۈش ۋە تۇتقۇن قىلىش قاتارلىق ئىنسانىيلىققا زىت قىلمىشلارنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى تەكىتلىگەن.

«بېنگال ئىسلام فرونتى»مۇ شۇ كۈنى ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقى ھەققىدە سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، خىتايغا ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى باستۇرۇشىغا نارازىلىق بىلدۈرگەن بولۇپ، بۇ يىغىنغا تەخمىنەن 400 نەپەر مۇسۇلمان قاتناشقان.

## ئامېرىكا پارلامېنت ئەزالىرى بىلىنكېننى خىتاينىڭ ئورگان ئەتكەسچىلىكىگە قارشى تەدبىر قوللىنىشقا ئۈندىدى

«realclearpolitics» تورىنىڭ 7 ـ ئىيۇلدىكى خەۋىرىگە كۆرە، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ كالىفورنىيە شتاتلىق ئاۋام پالاتا ئەزاسى مىشىل ستىپل بىلەن جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ يەنە بىر نەپەر ئاۋام پالاتا ئەزاسى نىيىل دان بۇ ھەپتە دۆلەت سېكرېتارى ئانتونىي بىلىنكېنغا خەت يېزىپ، ئۇنىڭدىن دەرھال تەدبىر قوللىنىپ، خىتايدىكى يىللىق تىجارەت سوممىسى 1 مىليارد دوللارغا يېتىدىغان مەجبۇرىي ئورگان ئېلىۋېلىش سودىسىغا ئىشتىراك قىلغان ھەر قانداق كىشىنىڭ ئامېرىكاغا قانۇنلۇق كىرىشىنى چەكلىشىنى؛ ئاللىبۇرۇن ئامېرىكاغا كىرىپ بولغانلارنىڭ ۋىزىسىنى بىكار قىلىشىنى تەلەپ قىلغان.

مىشىل ستىپل بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئۆز ۋاقتىدا ئاتا ـ ئانام (شىمالىي كورېيەدىكى) كومپارتىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قاچقان، شۇڭا مەن دىققىتىمنى بۇ مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈۋاتىمەن. كىشىلەرنىڭ ئورگانلىرىنى ئېلىۋالىدىغان ياكى ئاللىقانداق شەكىللەردە مۇشۇ ئىشقا قول تىققان دوختۇرلارنىڭ ئامېرىكاغا كېلىشىگە يول قويۇلماسلىقى كېرەك ... بىز بۇنداق دوختۇرلارنى تەربىيەلەشنى خالىمايمىز.»

ئۇلار خېتىدە يەنە ئۆزلىرىنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ «خاتا ھالدا تۇتقۇن قىلىنغان» فالۇنگۇڭچىلار، ئۇيغۇرلار، تىبەتلەر، مۇسۇلمانلار ۋە خىرىستىيانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىشىلەرنىڭ ئورگانلىرىنى مەجبۇرىي ئېلىۋالغانلىقىغا چوڭقۇر كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «خىتايدىكى بىر قىسىم دوختۇرلارنىڭ ئەڭ ئاجىز كىشىلەرنىڭ ئورگانلىرىنى ئېلىۋېلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا پاكىتلار مەۋجۇت، بۇنداق ئىشنى قىلىدىغانلارغا ئامېرىكادا يەر يوق.»

كىشىلىك ھوقۇق مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ مۆلچەرلىشىچە، خىتايدا ھەر يىلى 60 مىڭدىن 100 مىڭغىچە مەجبۇرىي ئورگان كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسى قىلىنىدىغان بولۇپ، مەلۇم بىر دوختۇرخانىدا بىر يىلدا بۇنداق ئوپېراتسىيەدىن 8000 ى قىلىنغانلىقى مەلۇم. خۇدسون ئىنستىتۇتى دىنىي ئەركىنلىك مەركىزىنىڭ مۇدىرى نىنا شې ئامېرىكا ئورگان كۆچۈرۈش ساھەسىدىكىلەرنىڭ دۆلەت ئىچىدە داۋالاش ئەخلاقىغا رىئايە قىلغانلىقىغا قارىماستىن، مەجبۇرىي ئورگان كۆچۈرگەن خىتاي دوختۇرلارنى ۋە خىتايدىكى بۇ ساھەنى ئوچۇق ـ ئاشكارە قوللىغانلىقىنى تەنقىد قىلغان.

## خىتاي كانچىلىق شىركىتى ئافغانىستانغا 350 مىليون دوللار مەبلەغ سالماقچى

«aninews» تورىنىڭ 9 ـ ئىيۇلدىكى خەۋىرىگە كۆرە، «فەن خىتاي ـ ئافغانىستان كانچىلىق پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە سودا شىركىتى» (FAMPTC) كەلگۈسى بىر نەچچە ئاي ئىچىدە ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى، سېمونت زاۋۇتى قۇرۇلۇشى ۋە ساقلىقنى ساقلاش قاتارلىق بىر قانچە ساھەدە ئافغانىستانغا 350 مىليون دوللار مەبلەغ سالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

«فەن خىتاي ـ ئافغانىستان كانچىلىق پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە سودا شىركىتى» ۋەكىللىرى ئافغانىستاننىڭ سىياسىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن باش مىنىستىرى مەۋلىۋى ئابدۇلكەبىر بىلەن كۆرۈشكەندە ئۆزلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىش مۇددىئاسى ھەققىدە توختالغان.

مەۋلىۋى ئابدۇلكەبىر «فەن خىتاي ـ ئافغانىستان كانچىلىق پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە سودا شىركىتى»نىڭ مەبلەغ سېلىش تەكلىپىگە قارىتا، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلارنى ئافغانىستاننىڭ زور ئىقتىسادىي يوشۇرۇن كۈچىنى تونۇپ يېتىشكە ۋە پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىشكە ئۈندىگەن.

ئافغانىستان كان ۋە نېفىت مىنىستىرلىقى بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «خىتايدىن باشقا يەنە بىر قانچە دۆلەت ۋە مەبلەغ سالغۇچىلار لىتىي كانىغا قىزىقىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، خىتاي ھەتتا 10 مىليارد دوللار مەبلەغ سېلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.»

## ئامېرىكا خىتاي بىلەن يارىشىش ئىستىكىنى ئىزھار قىلدى

«BBC» تورىنىڭ 9 ـ ئىيۇلدىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكا مالىيە مىنىستىرى جانېت يېلېن تۆت كۈنلۈك خىتاي زىيارىتىنىڭ ئاخىرىدا بۇ جەرياندىكى سۆھبەتلەرنى «بىۋاستە، ماھىيەتلىك ۋە ئۈنۈملۈك» دەپ سۈپەتلەپ، ئىككى تەرەپنىڭ بۇ جەرياندا بىر ـ بىرىنى تېخىمۇ بەك چۈشەنگەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

گەرچە ئۇ ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدا يەنىلا «زور ئىختىلاپلار» بارلىقىنى ئېتىراپ قىلغان ۋە «ھېچقانداق زىيارەت بىر كېچىدىلا بىز دۇچ كەلگەن خىرىسلارنى ھەل قىلالمايدۇ، ئەمما بۇ زىيارەت خىتاينىڭ يېڭى ئىقتىسادىي رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى بىلەن ئىلاستىك ۋە ئۈنۈملۈك ئالاقە لىنىيەسى ئورنىتىشقا پايدىلىق» دېگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى ئالاقە ئورنىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەپ، ئامېرىكا پرېزىدېنتى جوۋ بايدىننىڭ «ئامېرىكا ـ خىتاي مۇناسىۋىتىگە چوڭ دۆلەتلەر ئارىسىدىكى توقۇنۇش رامكىسىدىن قارىمايدىغانلىقى»نى بىلدۈرۈپ، «بىز دۇنيانىڭ ھەر ئىككى دۆلەتنىڭ تەڭ گۈللىنىشىگە يەتكۈدەك دەرىجىدە چوڭ ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمىز» دېگەن.

ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى سىياسىي مۇناسىۋەت جىددىيلەشكەندەك قىلسىمۇ، ئەمما بۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى سودا ھەجمى 2022 ـ يىلىمۇ داۋاملاشقان ئاشقان بولۇپ، ئۇ ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى سودا ھەجمىنىڭ ئۇدا ئۈچىنچى يىل ئېشىشى ئىكەن.

رەسمىي سانلىق مەلۇماتلارغا كۆرە، خىتاي بۇلتۇر ئامېرىكاغا 536 مىليارد دوللاردىن ئارتۇق مال ئېكسپورت قىلغان بولۇپ، ئامېرىكا خىتايغا 154 مىليارد دوللارلىق مال ئېكسپورت قىلغان.

## ئىران بىلەن خىتاي ھەمكارلىشىپ تېخنىكا مەركىزى قۇرماقچى

«mehrnews» تورىنىڭ 10 ـ ئىيۇلدىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئىراننىڭ ئىلىم ـ پەن، تېخنىكا ۋە بىلىم ئىقتىسادىغا (Knowledge ـ Based Economy) مەسئۇل مۇئاۋىن پرېزىدېنتى روھۇللاھ دېھغانى فىرۇزئابادى 9 ـ ئىيۇل خىتاي كومپارتىيەسى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى لى يىفېي ۋە شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن بىر تۈركۈم تېخنىكا ۋە ئىقتىساد ساھەسىدىكى كىشىلەر بىلەن كۆرۈشكەن بولۇپ، ئىككى تەرەپ بىلىمنى ئاساس قىلغان شىركەتلەرنى ئۆزئارا ھەمكارلاشتۇرۇش ۋە دۆلەتلىك تېخنىكا مەركىزى قۇرۇش چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

روھۇللاھ دېھغانى فىرۇزابادى مۇنۇلارنى بىلدۈرگەن: تېخنىكا ئىراننىڭ باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى فۇنكسىيەلىك ۋە ئۈنۈملۈك ساھەلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ماھارەتلىك ۋە ئىقتىدارلىق ئادەم كۈچى بايلىقى ساھەسىدىكى ھەمكارلىق خىتاي ـ ئىران ھەمكارلىقىنىڭ ئاساسلىق ساھەلىرىنىڭ بىرىگە ئايلىنالايدۇ.

بۇنىڭغا قارىتا لى يىفېي ئىراننىڭ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى پەن ـ تېخنىكا ئالاقىسىنىڭ تەرەققىياتىغا بولغان رىغبىتى ۋە قوللىشىنى قىممەتلىك ۋە ئىجابىي دەپ ماختىغان.

## خىتاي ئامېرىكا ئەمەلدارىنىڭ دالاي لاما بىلەن كۆرۈشكەنلىكىگە ئېتىراز بىلدۈردى

«ئامېرىكا ئاۋازى» تورىنىڭ 10 ـ ئىيۇلدىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكانىڭ تىبەت ئالاھىدە ماسلاشتۇرغۇچىسى، شۇنداقلا ئامېرىكانىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى، دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن دۆلەت سېكرېتارى ئۇزرا زېيا 9 ـ ئىيۇل تىبەتلەرنىڭ سۈرگۈندىكى مەنىۋى رەھبىرى دالاي لاما بىلەن كۆرۈشكەن بولۇپ، خىتاي بۇ ئۇچرىشىشقا نارازىلىق بىلدۈرگەن ۋە «ھەر قانداق تاشقى كۈچنىڭ تىبەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ھوقۇقى يوق» دېگەن.

شۇ يىغىنغا قاتناشقانلاردىن، دالاي لامانىڭ ۋاشىنگتوندا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى نامگيال چوئېدۇپ: «مۇئاۋىن سېكرېتار ئۇزرا زېيا ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ تىبەت مەسىلىسىگە داۋاملىق كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ۋە قوللايدىغانلىقىنى قايتا تەكىتلىدى» دېگەن.

خىتاينىڭ يېڭى دېھلىدىكى باش ئەلچىخانىسىنىڭ باياناتچىسى ۋاڭ شياۋجيەن بۇنىڭغا تۋىتېر يازمىسى ئارقىلىق ئېتىراز بىلدۈرۈپ، «خىتاي چەتئەل ئەمەلدارلىرى بىلەن <تىبەت مۇستەقىللىقى> كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھەرقانداق شەكىلدىكى ئالاقىگە قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. 14 ـ دالاي لاما ھەرگىزمۇ نوقۇل ھالدىكى دىنىي زات ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۇزۇندىن بۇيان خىتايغا قارشى بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، تىبەتنى خىتايدىن ئايرىماقچى بولغان سىياسىي پالاندىدۇر ... ئاتالمىش <سۈرگۈندىكى تىبەت ھۆكۈمىتى> سېپى ئۆزىدىن بۆلگۈنچى سىياسىي گۇرۇھ ھەمدە خىتاينىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە باشقا

قانۇنلىرىغا تامامەن خىلاپ بولغان قانۇنسىز تەشكىلات بولۇپ، ئۇ دۇنيادىكى ھېچقانداق بىر دۆلەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنمايدۇ» دېگەن.

## خىتاي ئامېرىكادىن شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارغا ئالاقىدار چەكلىمىلەرنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلدى

«رويتېرس ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 13 ـ ئىيۇلدىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكا سودا مىنىستىرى جىنا رايموندونىڭ خىتاينى زىيارەت قىلىش ئېھتىماللىقى تىلغا ئېلىنىۋاتقان مۇشۇ پەيتتە، خىتاي 13 ـ ئىيۇل تەكرار ھالدا ئامېرىكانى خىتاي شىركەتلىرىگە قارىتىلغان «تاق تەرەپلىك» جازانى بىكار قىلىشقا ئۈندىگەن.

ئامېرىكا شەرقىي تۈركىستاندا مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق دەپ قارالغان بىر قىسىم خىتاي شىركەتلىرىگە جازا يۈرگۈزگەن بولسىمۇ، خىتاي مەجبۇرىي ئەمگەككە ئالاقىدار بۇ ئەيىبلەشلەرنى ئىزچىل رەت قىلىپ كەلمەكتە.

خىتاي سودا مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى شۇ جۈتىڭ ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا مۇنداق دېگەن: «ئامېرىكا خىتاي شىركەتلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزدى. خىتاي بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ ۋە ئامېرىكانى خىتاي شىركەتلىرىگە نامۇۋاپىق زەربە بېرىشنى دەرھال توختىتىشقا ۋە ئۆز ئالدىغا خىتاي شىركەتلىرىگە قارىتا يۈرگۈزگەن جازا تەدبىرلىرىنى بىكار قىلىشقا چاقىرىدۇ.»

شۇ جۈتىڭدىن رايموندونىڭ ئېھتىمالىي خىتاي زىيارىتى ھەققىدە سورالغاندا، ئۇ «خىتاي رايموندونىڭ خىتاينى زىيارەت قىلىشنى قوللايدۇ، بىز بۇ خۇسۇستا ئامېرىكا تەرەپ بىلەن داۋاملىق ئالاقە قىلىۋاتىمىز» دېگەن.

10 ـ ئىيۇل، خىتاي مالىيە مىنىستىرلىقى ئۆزىنىڭ ئامېرىكادىن «شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك مەھسۇلاتلارغا بولغان چەكلىمىنى بىكار قىلىش»نى ۋە جازا تەدبىرلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئاساسلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن «ئەمەلىي ھەرىكەت» قوللىنىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى.

## كانادا ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشقا چېتىشلىق دەپ قارالغان شىركەتلەرنى تەكشۈرۈشكە باشلىدى

«BBC» تورىنىڭ 13 ـ ئىيۇلدىكى خەۋىرىگە كۆرە، كانادانىڭ ئەخلاقىي نازارەت ئاپپاراتى بولغان «مەسئۇلىيەتچان كارخانا نازارەتچىسى» (Canadian Ombudsperson for Responsible Enterprise) نايك شىركىتىنىڭ كانادا شۆبىسى ۋە Dynasty Gold دېگەن ئالتۇن كانچىلىقى شىركىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگىكىدىن نەپ ئالغانلىقى توغرىسىدىكى ئەيىبلەشلەرنى تەكشۈرۈشنى باشلىغان بولۇپ، مەزكۇر

ئاپپارات ئۆزىنىڭ تەكشۈرۈشىنى باشلاشتا 28 تەشكىلاتتىن تەشكىل تاپقان كىشىلىك هوقۇق تەشكىلاتلىرى بىرلەشمىسى سۇنغان ئەرزنى ئاساس قىلغان.

بۇ «مەسئۇلىيەتچان كارخانا نازارەتچىسى» ئورگىنىنىڭ 2021 ـ يىلى ئەرز قىلىش مېخانىزمىنى يولغا قويغاندىن بۇيان، بۇ خىلدىكى تەكشۈرۈشنى باشلىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم ئېلان قىلىشى ئىكەن.

بۇ ئورگان نايك شىركىتى كانادا شۆبىسىنىڭ «ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتى» تەرىپىدىن ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى ئىشلىتىۋاتقانلىقى ياكى شۇنىڭدىن پايدا ئېلىۋاتقانلىقى ئېنىقلانغان بىر قانچە خىتاي شىركىتى بىلەن تەمىنلەش مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

نايك شىركىتى ئۆزىنىڭ مەزكۇر دوكلاتتا كۆرسىتىلگەن شىركەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزگەنلىكىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، «مەسئۇلىيەتچان كارخانا نازارەتچىسى» ئورگىنىنىڭ كۆرۈشۈش تەلىپىنى رەت قىلغان.

## ئامېرىكا جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىنى خەلقئارالىق ئەركىن دېڭىزغا ئايلاندۇرۇشقا تىرىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى

«nikkeiAsia» تورىنىڭ 15 ـ ئىيۇلدىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكا دۆلەت سېكرېتارى ئانتونىي بلىنكېن ئۆزىنىڭ 13 ـ ئىيۇل جاكارتادا خىتاينىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك دىپلوماتى ۋاڭ يى بىلەن «سەممىي ۋە ئىجابىي مۇزاكىرە»لەشكەنلىكىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، 14 ـ ئىيۇل ئامېرىكانىڭ جەنۇبىي دېڭىزدا «دېڭىز ۋە هاۋا سەپەرلىرىنىڭ ئەركىنلىكىنى قوغداش» ۋەدىسىنى قايتا تەكىتلىگەن.

بلىنكېن شۇ كۈنى كەچتە ئۆتكۈزۈلگەن ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا مۇنداق دېگەن: «مەزكۇر رايوندىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرگە ئوخشاش، بىز خىتاي خەلق جۇمهۇرىيىتىنىڭ جەنۇبىي خىتاي دېڭىزى، شەرقىي خىتاي دېڭىزى ۋە تەيۋەن بوغۇزىدىكى پەيلىنىڭ كۈنسېرى يامانلىشىۋاتقانلىقىدىن تەشۋىشلەنمەكتىمىز. بىز خەلقئارالىق سودا ۋە ئۆزئارا ئالاقىدىكى مۇهىم لىنىيە بولغان جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدىكى دېڭىز سەپىرىنىڭ ۋە مەزكۇر دېڭىزدىن ئۈچۈپ ئۆتىدىغان هاۋا سەپەرلىرىنىڭ ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشقا تىرىشىمىز.»

هالبۇكى، بلىنكېن يەنىلا خىتايغا قارشى بەك قاتتىق تۇتۇم ئىزهار قىلغاندەك تۇيغۇ بېرىپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن مۇنۇلارنى قوشۇمچە قىلغان: « بىز خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنى داۋاملىق مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىمىز، جۈملىدىن ئالاقە يوللىرىنى داۋاملىق كۈچەيتىمىز.»

يېقىنقى مەزگىلدە ئامېرىكا خىتاي بىلەن بولغان يۇقىرى قاتلاملىق ئالاقىنى كۈچەيتىۋاتقان بولۇپ، ئامېرىكا دۆلەت سېكرېتارى ئانتونىي بىلىنكېن بىلەن مالىيە مىنىسترى جانېت يېلېننىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن خىتايىنى زىيارەت قىلىشى ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى جىددىيلىكنى پەسەيتىشنى مەقسەت قىلغان.

ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ باياناتچىسى مىلېر بۇ ھەقتىكى باياناتىدا مۇنداق دېگەن: «بىلىنكېن بىلەن ۋاڭ يى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇچرىشىش ئالاقە قاناللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئامېرىكانىڭ نۇرغۇن مەسىلىلەردىكى مەنپەئەتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ۋە رىقابەتنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق ئۇقۇشماسلىق ۋە خاتا مۆلچەرلەپ قويۇش خەۋپىنى ئازايتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تىرىشچانلىقنىڭ بىر قىسمىدۇر.»

## ئامېرىكا كىلىمات مەسىلىسىدىكى قۇرۇق ئۈمىدنى داۋاملاشتۇرماقتا

«رويتېرس ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 18 ـ ئىيۇلدىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكانىڭ كىلىمات مەسىلىسىدىكى ئالاھىدە ۋەكىلى جون كېرىي كىلىمات ھەمكارلىقىنىڭ ئامېرىكا ـ خىتاي مۇناسىۋىتىنىڭ ماھىيىتىنى ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولۇپ، كېرىي شۇ كۈنى خىتاينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇلارغا: «خىتاي بىلەن ئامېرىكا كىلىمات ھەمكارلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزئارىسىدىكى ئاۋارىچىلىققا تولغان مۇناسىۋەتنىڭ ماھىيىتىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ ھەمدە يەر شارىنىڭ ئىسسىپ كېتىشىگە تاقابىل تۇرۇشقا باشلامچىلىق قىلالايدۇ» دېگەن.

كېرىينىڭ خىتايغا قىلغان ئۈچ كۈنلۈك زىيارىتى دۇنيادا ئەڭ كۆپ پارنىك گازى قويۇپ بېرىدىغان خىتاي بىلەن ئامېرىكا ئارىسىدىكى كىلىمات ھەمكارلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، بۇ زىيارەت دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرى پەۋقۇلئاددە ئىسسىپ كەتكەن كۈنلەرگە توغرا كەلگەن. مەسىلەن، بۇ زىيارەت جەريانىدا كالىفورنىيەدىكى ئۆلۈم ۋادىسىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 53 سېلسىيە گرادۇسقا يەتكەن.

كېرىي خىتاينىڭ «خەلق سارىيى»دا ئۆتكۈزۈلگەن يىغىندا خىتاينىڭ ئالىي دىپلوماتى ۋاڭ يىغا: «بىز بۇنىڭ ھەمكارلىق ۋە ئارىمىزدىكى ئىختىلاپنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىنىڭ يېڭى تەبىرىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز» دېگەن.

كېرىي خىتاي باش مىنىسترى لى چياڭغا قىلغان سۆزىدە، بۇ يىل يازدا ئەھۋالنىڭ تېخىمۇ ناچارلىشىشى مۇمكىنلىكىنى ئەسكەرتىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى بىر ھاۋارايى ئىستانسىسىنىڭ تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى رېكورت بولغان 52.2 سېلسىيە گرادۇسلۇق تېمپېراتۇرىنى خاتىرىلىگەنلىكىنى ئېيتقان.

ھالبۇكى، لى چياڭ بۇ چاغدا دىپلوماتىك ئادەتلەرگە خىلاپ ھالدا، كېرىينىڭ سۆزىنى بۆلۈپلا، ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تېمپېراتۇرىنىڭ بۇنچىلىك يۇقىرىلاپ كەتكەنلىكىدىن گۇمانلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. كېرىي بۇنىڭغا قارىتا، «مۆلچەرلەر ئىلگىرىكى ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ ئېغىر» دېگەن.

يغىنغا قاتناشقانلارنىڭ ئېيتىشىچە، لى چياڭ يىغىننىڭ داۋامىدا ختاي ۋە باشقا رايونلار دۇچ كەلگەن ئېغىر كىلىمات تەسىرىنى ئېتىراپ قىلغان.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا كىلىمات مەسىلىسى توغرىسىدىكى بۇ خىل ئۇچرىشىشلار ئىزچىل داۋاملىشىۋاتقان، ختايمۇ ئۆزىنىڭ پارنىك گازلىرىنى قويۇپ بېرىش مىقدارىنى تۆۋەنلىتىدىغانلىقى ھەققىدە دەبدەبىلىك ۋەدىلەرنى بېرىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ختاي ھېلىھەم كۆمۈرنى ئاساس قىلغان يېقىلغۇلارنى زور مىقداردا ئىشلىتىپ يەرشارى كىلىماتىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغىماقتا ۋە كىلىمات ھەققىدىكى سۆھبەتلەردىن سىياسىي كوزىر سۈپىتىدە پايدىلانماقتا ئىكەن. شۇڭا، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بۇ جەھەتتە ختاينىڭ ماھىيەتلىك تەدبىر قوللىنىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدىكەن.

## ۋولكسۋاگېن شىركىتى كارغا كەلمەيدىغان تەپتىش پىلانىدىن ۋاز كەچمىدى

«رويتېرس ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 19 ـ ئىيۇلدىكى خەۋىرىگە كۆرە، ۋولكسۋاگېن شىركىتىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، بۇ شىركەت ھېلىھەم ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زاۋۇتىنى مۇستەقىل تەپتىش قىلىشنى پىلانلاۋاتقان بولۇپ، گەرچە بىر قىسىم مەبلەغ سالغۇچىلار ۋە پائالىيەتچىلەر بۇ مېخانىزمنىڭ كارغا كەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ۋولكسۋاگېن شىركىتى يەنىلا «بۇنداق قىلىش قىممەتلىك چۈشەنچە بىلەن تەمىنلەيدۇ» دەپ قارىماقتا ئىكەن.

ۋولكسۋاگېن شىركىتى «گېرمانىيە ئەخلاقلىق پايچىكلار جەمئىيىتى» (Association of Ethical Shareholders Germany) 7 ـ ئاينىڭ بېشىدا ئۆزىگە يازغان ئوچۇق خەتكە جاۋابەن مۇنداق دېگەن: «بىزنىڭ (تەپتىش قىلىش) نىيىتىمىز قەتئىيدۇر. سىلەرنىڭ كۆز قارىشىڭلارنىڭ ئەكسىچە، بىز ‹مۇستەقىل مۇپەتتىشنىڭ تەكشۈرۈشى ئۈرۈمچىدىكى زاۋۇتتىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالى توغرىسىدا مۇھىم ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىيەلەيدۇ› دەپ قارايمىز.»

«گېرمانىيە ئەخلاقلىق پايچىكلار جەمئىيىتى» ئۆزىنىڭ خېتىدە ۋولكسۋاگېن شىركىتىدىن شەرقىي تۈركىستاندىكى قاتتىق نازارەت داۋاملىشىۋاتقان ھەمدە ختاي ئاتالمىش «جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش قانۇنى»نى ئۆزى خالىغانچە ئىجرا قىلىۋاتقان ئەھۋالدا، تەكشۈرۈش نەتىجىسىنىڭ مۇستەقىللىقىغا قانداق كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى سورىغان.

ۋولكسۋاگېن شىركىتى ئۆز جاۋابىدا بۇ مەسىلە ھەققىدە بىۋاستە توختالماستىن، كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئۆزىنىڭ ھەرىكەت مىزانىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ سودا ۋە كىشىلىك ھوقۇق جەھەتتىكى يېتەكچى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

## پاكىستانلىق ئاتالمىش ئۆلىمالار شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلدى

خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ غوللۇق تەشۋىقات ئاپپاراتلىرىدىن بىرى بولغان «يەرشارى ۋاقىت گېزىتى» تورىنىڭ 20 ـ ئىيۇلدىكى خەۋىرىگە كۆرە، 18 ـ ئىيۇل پاكىستاننىڭ ئاتالمىش دىنىي زاتلار ۋە ئۆلىمالاردىن تەشكىل تاپقان ۋەكىللەر ئۆمىكى شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغان ھەمدە خىتاي كومپارتىيەسى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسىنىڭ سېكرېتارى ما شىڭرۈي ۋە ئاتالمىش «ئاپتونوم رايون»نىڭ قورچاق رەئىسى ئەركىن تۇنىياز تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان. بۇ يىغىنغا يەنە خىتاينىڭ سادىق غالچىلىرىدىن ئابدۇرەقىپ تۆمۈرنىيازمۇ قاتناشقان.

ما شىڭرۈي بىلەن ئەركىن تۇنىياز شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئۆرۈمچىدە پاكىستان ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن كۆرۈشكەن بولۇپ، ما شىڭرۈي پاكىستان ۋەكىللەر ئۆمىكىگە خىتابەن مۇنۇلارنى بىلدۈرگەن: ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى دىنىي زاتلار ۋە ئۆلىمالار شەرقىي تۈركىستاندىكى ئامىمىنىڭ ھەقىقىي تۇرمۇشىنى بىۋاستە كۆرۈش ئارقىلىق خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي ۋە دىنىي سىياسىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتىدىن خەۋەردار بولدى. ئامېرىكا ۋە باشقا غەرب كۈچلىرى ئاتالمىش مىللەت، دىن، كىشىلىك ھوقۇق ۋە باشقا مەسىلىلەرنى سۈيىئىستېمال قىلىپ، شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك يالغان ـ ياۋىداقلارنى ۋە سەپسەتىلەرنى ئويدۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇندى. ئەمما ھەر قانداق يالغانچىلىق شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇقىم ئىكەنلىكى ۋە گۈللەنگەنلىكىنى، خەلقنىڭ تىنچلىق ۋە رازىمەنلىك ئىچىدە ياشايدىغانلىقى ۋە خىزمەت قىلىدىغانلىقىدەك رېئاللىقنى يوشۇرۇپ قالالمايدۇ.

ما شىڭرۈي يەنە خىتاينىڭ «خىتاي ـ پاكىستان ئىقتىسادىي كارىدورى» ئارقىلىق پاكىستانغا ئېغىمۇ كۆپ ئىقتىسادىي نەپ يەتكۈزىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

تەھلىلچىلەر بۇ قېتىملىق ئاتالمىش دىنىي زاتلار زىيارىتىنىڭمۇ ئىلگىرىكى قىزىل زىيارەتلەرگە ئوخشاشلا، جاھان ئەھلىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى كۆز قارىشىنى خىتايغا پايدىلىق رەۋىشتە شەكىللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى؛ شۇڭا بۇنىڭغا قارشى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى يورۇتۇلغان ھەرخىل تىللاردىكى تەشۋىقاتلارنىڭ سالمىقىنىڭ سىجىل كۈچەيتىلىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈشمەكتە.

## تۈركىيەدىكى ئەڭ چوڭ ئۆكتىچى پارتىيە ئۇيغۇرلار خۇسۇسىدا پارلامېنتقا ئىلتىماس سۇندى

تۈركىيەدىكى «يېڭى چاغ» تورىنىڭ 19 ـ ئىيۇلدىكى خەۋىرىگە كۆرە، تۈركىيەدىكى ئەڭ چوڭ ئۆكتىچى پارتىيە بولغان جۇمھۇرىيەت خەلق پارتىيەسىنىڭ (CHP) پارلامېنت ئەزاسى ۋە تۈركىيە پارلامېنتى كىشىلىك ھوقۇق تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئادۋوكات مەھمۇت تانال خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ

ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈش خۇسۇسىدا پارلامېنت رەئىسىگە ئىلتىماس سۇنغان.

مەھمۇت تانال ئۆز ئىلتىماسىدا مۇنداق دېگەن:

ئاساسىي قانۇنىمىزنىڭ «ئىنساننىڭ قوغدىلىشى، ماددىي ۋە مەنىۋى مەۋجۇتلۇقى» ماۋزۇلۇق 17 ـ ماددىسىنىڭ بىرىنچى تارمىقىدا «ھەر بىر كىشىنىڭ ياشاش ھەمدە ماددىي ۋە مەنىۋى مەۋجۇتلۇقىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ھوقۇقى بار» دەپ تەكىتلەنگەن. مەزكۇر ماددىنىڭ ئۈچىنچى تارمىقىدا يەنە «ھېچكىمنى قىيناشقا ۋە ئەزىيەت بېرىشكە بولمايدۇ. ھېچكىمگە ئىنسانىي قەدىر ـ قىممەتكە ماس كەلمەيدىغان جازا بېرىشكە ۋە مۇئامىلە قىلىشقا بولمايدۇ» دېيىلگەن. «ياۋروپا كىشىلىك ھوقۇق ئەھدىنامىسى»نىڭ «ياشاش ھوقۇقى» ماۋزۇلۇق 2 ـ ماددىسىدا «ھەممە ئادەمنىڭ ياشاش ھوقۇقى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ» دېيىلگەن ... ئاساسىي قانۇنىمىزنىڭ «قانۇن ئالدىدىكى باراۋەرلىك» ماۋزۇلۇق 10 ـ ماددىسىدا «ھەممە ئادەم تىل، ئىرق، تېرە رەڭگى، جىنس، سىياسىي كۆز قاراش، پەلسەپىۋى ئېتىقاد، دىن، مەزھەپ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەبلەر تۈپەيلى كەمسىتىلمەستىن، قانۇن ئالدىدا باراۋەردۇر» دېيىلگەن.

شۇڭا بىز كومىتېتىمىز ئۇيغۇر تۈركلىرى باشتىن كەچۈرگەن ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىگە سۈكۈت قىلماسلىقى كېرەك دەپ قارايمىز. مەن «ئىسلام دۈشمەنلىكى ۋە ئىرقچىلىقنى تەكشۈرۈش تارماق كومىتېتى»نىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر تۈركلىرىنى سىستېمىلىق كەمسىتىشىگە، ئۇيغۇر تۈركلىرى ئۇچرىغان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىگە، نەپرەتلىك سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىلمىشلارغا، سىستېمىلىق زۇلۇم ۋە قىيناشلارغا قارىتا، خىتاي چېگراسى ئىچىدىكى ئۇيغۇر تۈركلىرى ياشايدىغان رايوندا نەق مەيداندا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى؛ ئالاقىدار ئورگان ۋە شەخسلەردىن ئۇچۇر ئېلىش ۋە چارە تېپىش مەقسىتىدە، زۆرۈر خىزمەتلەرنى ئىشلىشنى تەلەپ قىلىمەن.

### تەيۋەننىڭ مىسلىسىز مانېۋىرىدىن ئىلگىرى، خىتاي تەيۋەنگە 37 ئۇرۇش ئايروپىلانى ئەۋەتتى

«independent» تورىنىڭ 22 ـ ئىيۇلدىكى خەۋىرىگە كۆرە، تەيۋەن كېلەر ھەپتە يىلدا بىر تەكرارلىنىدىغان ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ، خىتاينىڭ يۈز بەرگۈسى تاجاۋۇزىدىن مۇداپىئەلىنىشنى مەقسەت قىلغان مەزكۇر مانېۋىر ھاۋا ھۇجۇمى يۈز بەرگەندىكى ئۇرۇش تەييارلىقى ۋە پۇقرالارنى تارقاقلاشتۇرۇش ھازىرلىقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

بۇ قېتىملىق تارقاقلاشتۇرۇش مانېۋىرىنىڭ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىشىدا، بۇ مانېۋىر ئىلگىرىكى يىللاردىكىگە ئوخشىمايدىكەن. ئىلگىرىكى مانېۋىرلاردا ھاۋا ھۇجۇمى سىگنالى چېلىنغاندىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ 30 مىنۇتقىچە ئۆيىدىن چىقماسلىقى تەلەپ قىلىنغانىكەن. ئەمما، ئالدىمىزدىكى ھەپتىدىكى

مانچۇردا ساقچىلار مانچۇر جەرىيانىدا كوچىدا بايقالغان ھەر قانداق ئادەمنى ئەڭ يېقىن ھاۋا ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئورنىغا ئېلىپ بارىدىكەن.

«پۇل مۇئامىلە ۋاقىت گېزىتى» نىڭ خەۋەرىگە قارىغاندا، بۇ قېتىملىق مانېۋىر يەنە ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ نوپۇس ئەۋرىشكىسىنى قاپلىغان بولۇپ، تەيۋەندىكى 23 مىليون نوپۇسنىڭ ئۈچ مىليوننى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

بۇ مانېۋىر خىتاينىڭ بارغانسېرى يامانلىشىۋاتقان پەيلىگە قايتۇرۇلغان ئىنكاس دەپ قارالماقتا.

ھالبۇكى، تەيۋەن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، بۇ مانېۋىرغا بىر قانچە كۈن قالغاندا، يەنى 21 ـ ئىيۇل ئەتىگەن سائەت ئالتىدىن كەچ سائەت ئالتىگىچە خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى 37 ئۇرۇش ئايروپىلانى ۋە يەتتە دېڭىز ئارمىيە پاراخوتىنى تەيۋەنگە يېقىن جايلارغا ئەۋەتكەن.

ئەۋەتىلگەن ئايروپىلانلارنىڭ ئارىسىدا 10 ـ J ۋە 16 ـ J تىپلىق كۆرەشچى ئايروپىلانلار ۋە 6 ـ H تىپلىق بومباردىمانچى ئايروپىلانلار بار ئىكەن.

تەيۋەن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، بايقالغان خىتاي ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىدىن 22 سى تەيۋەن بوغۇزىنىڭ ئوتتۇرا سىزىقىدىن ئۆتكەن ياكى تەيۋەننىڭ ھاۋا مۇداپىئە پەرقلەندۈرۈش رايونىغا كىرگەن.

## ئامېرىكا پارلامېنتى ھۆكۈمەت پېنسىيە فوندىنىڭ خىتايغا مەبلەغ سېلىشىنى چەكلىمەكچى

«ۋاشىنگتون ۋاقىت گېزىتى» تورىنىڭ 26 ـ ئىيۇلدىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكا كېڭەش پالاتا ئەزالىرىدىن ماركو رۇبىيو بىلەن جېن شاھىن، ھەر ئىككى پارتىيەنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن مۇھىم تۈزىتىش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى پىلانلاۋاتقان بولۇپ، ئۇلار ئامېرىكا ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنى ئۆزىمۇ بىلمەستىن ئامېرىكانىڭ ئەڭ چوڭ گېئوپولىتىك رەقىبى بولغان خىتايغا مەبلەغ سېلىشتىن توسۇپ قېلىشنى مەقسەت قىلغان.

«باج تاپشۇرغۇچىلار ۋە پۇل ئامانەت قويغۇچىلارنى قوغداش قانۇنى»نى ئاساس قىلغان رۇبىيو ـ شاھىن تۈزىتىش لايىھەسىگە بىنائەن، «تېجەش ـ ئامانەت قويۇش پىلانى» (Thrift Savings Plan) دېگەن ھۆكۈمەت پېنسىيە فوندىنىڭ ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «مەجبۇرىي ئەمگەكتىن پايدىلانغانلىقى ياكى خىتاي ئارمىيەسىنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا ياردەم قىلغانلىقى سەۋەبلىك ئامېرىكانىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە خەۋپ ئەكېلىدۇ» دەپ قارالغان خىتاي شىركەتلىرىگە مەبلەغ سېلىشىنى چەكلەيدىكەن.

«تېجەش ـ ئامانەت قويۇش پىلانى» ئامېرىكا ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى ۋە قوراللىق قىسىم خادىملىرىغا قارىتىلغان، پېنسىيە ۋە پۇل يىغىش پىلانى بولۇپ، «گۈللەنگەن ئامېرىكا بىرلەشمىسى» تويلىغان سانلىق

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، «تېجەش ـ ئامانەت قويۇش پىلانى» خىتاينىڭ ھەربىي سانائەت شىركەتلىرىگە ۋە مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق كەسىپلەرگە مەبلەغ سالغان.

### تەيۋەن يۈز بەرگۈسى خىتاي تاجاۋۇزىغا قارشى مانېۋىر ئۆتكۈزدى

«BBC» تورىنىڭ 27 ـ ئىيۇلدىكى خەۋىرىگە كۆرە، تەيۋەندە يۈز بەرگۈسى خىتاي تاجاۋۇزىغا قارشى كەڭ كۆلەملىك مانېۋىر ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، مانېۋىردا تولۇق قوراللانغان ئەسكەرلەر خەندەكنى بويلاپ يۈگۈرگەن، ئېغىر پىلموتتىن ئوق ئېتىلغان ئاۋازلار توختىماي ئاڭلىنىپ تۇرغان، ئەتراپتىكى ئورماندىن تانكا ۋە برونېۋىكلار چىقىپ، زەمبىرەك ئاۋازى جاھاننى بىر ئالغان. ئاپاچى ھۇجۇم تىك ئۇچارلىرى تاغ باغرىدىن غۇيۇلداپ ئۇچۇپ ئۆتۈپ، تاجاۋۇزچى كۈچلەرنى تارمار قىلغان. دېڭىز ساھىلىدا غايەت زور پارتلاش يۈز بېرىپ، تاجاۋۇزچىلار چېكىندۈرۈلگەن، ئاخىرىدا تاجاۋۇزچىلار مەغلۇپ بولۇپ، تەيۋەننىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنغان.

يۇقىرىقى جەريانلارنى تاماملاشقا يىگىرمە مىنۇتلا ۋاقىت كەتكەن.

بۇ قېتىملىق مانېۋىرنىڭ قوماندانى ئۆگزىدە مانېۋىرنى كۆزىتىپ كەچۈرگەن بىر توپ مۇخبىرغا مۇنداق دېگەن: «بۈگۈن بىز پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ۋەتىنىمىزنى قوغداش ئۈچۈن تىرىشىدىغانلىقىمىزنى نامايەن قىلدۇق. بىز بۇ مانېۋىرلار ئارقىلىق ھەر قانداق ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇشقا تەييارلىنالايدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىمىز.»

ھالبۇكى، كۆزەتكۈچىلەر بۇ مانېۋىردا، تاجاۋۇزچىغا، يەنى خىتايغا ۋەكىللىك قىلغان تەرەپنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنىڭ خېلىلا ئاجىزلىقىنى تەكىتلەپ، خىتاي ھەقىقەتەن تاجاۋۇز قىلغان تەقدىردە، ئەھۋالنىڭ بۇ مانېۋىردىكىدىن كۆپ مۇشكۈل بولىدىغانلىقىنى؛ شۇڭا تەيۋەننىڭ بۇ ھەقتە تېخىمۇ زور تىرىشچانلىقى كۆرسىتىشى زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىگەن.

### شىمالىي كورېيە، رۇسىيە ۋە خىتاي بىرلىكتە ئامېرىكاغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنىڭ يەتمىش يىللىقىنى خاتىرىلىدى

«CNN» تورىنىڭ 27 ـ ئىيۇلدىكى خەۋىرىگە كۆرە، شىمالىي كورېيەنىڭ 1953 ـ يىلى ئاياغلاشقان ئامېرىكاغا قارشى ئۇرۇشىدىكى ئاساسلىق ئىتتىپاقداشلىرى بولغان رۇسىيە بىلەن خىتاينىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى بۇ ھەپتە پيوڭياڭغا يىغىلىپ، شىمالىي كورېيەنىڭ يەتمىش يىل ئىلگىرى كورېيە يېرىم ئارىلىنى خانىۋەيران قىلغان ئۇرۇشتا «غەلىبە» قىلغان كۈننى تەبرىكلىگەن.

شىمالىي كورېيە رەھبىرى كىم جوڭئۈن 26 ـ ئىيۇل رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىناغا قىلغان تاجاۋۇزچىلىقىنىڭ پىلانلىغۇچىسى، رۇسىيە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى سېرگېي شويگۇغا پيوڭياڭدا ئۆتكۈزۈلگەن دۆلەت مۇداپىئە كۆرگەزمىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرغان. شىمالىي كورېيە تاراتقۇلىرى ئاشكارىلىغان سۈرەتلەردە بۇ ئىككىيلەننىڭ يادرو ئوقبېشى سەپلىگىلى بولىدىغان باللىستىك باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن ئەڭ يېڭى تىپتىكى ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلانغىچە بولغان قوراللارنى كۆزدىن كەچۈرگەنلىكى كۆرسىتىلگەن.

شىمالىي كورېيە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى كاڭ سۇننام شويگۇ ۋە رۇسىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە ئۇكرائىنا ئۇرۇشى ھەققىدە: شىمالىي كورېيە «رۇسىيە ئارمىيەسى ۋە خەلقىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە بىخەتەرلىكىنى قوغداشتىكى ھەققانىي كۈرىشى»نى تولۇق قوللايدۇ، دېگەن.

شويگۇمۇ ئۆز نۇتقىدا كورېيە خەلق ئارمىيەسىنى «دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك ئارمىيە»گە ئايلاندى، دەپ ماختىغان ھەمدە بۇ ھالەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھەمكارلىقنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەرگەن.

يەنە شۇ كۈنى خىتاي كومپارتىيەسى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى لى خوڭجوڭ باشچىلىقىدىكى خىتاي ۋەكىللەر ئۆمىكىنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا، شىمالىي كورېيەنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى كىم سوڭنام خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ ئەينى چاغدىكى ئامېرىكاغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقانلىقىغا رەھمەت ئېيتقان ۋە شىمالىي كورېيەنىڭ خىتاي جەڭچىلىرىنىڭ قەھرىمانە ئىش ـ ئىزلىرىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

«كارنېگ خەلقئارا تىنچلىق فوندى» ستانتون يادرو سىياسىتى پروگراممىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تەتقىقاتچىسى ئەنكىت پاندا بۇ ھەقتە مۇنۇلارنى بىلدۈرگەن: خىتاي ۋە رۇسىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئامېرىكا بىلەن شىمالىي كورېيە ئارىسىدا ئۇرۇش توختىغانلىق خاتىرە كۈنىدە شىمالىي كورېيەگە بارغانلىقى «شىمالىي كورېيەنىڭ بۇ ئىككى دۆلەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بولۇپمۇ شويگۇنىڭ رۇسىيەگە ۋەكىل بولۇپ بارغانلىقى ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بولۇپ، بۇ بۇلتۇر رۇسىيە ئۇكرائىناغا تاجاۋۇز قىلغاندىن بۇيان، شىمالىي كورېيە بىلەن رۇسىيەنىڭ قانچىلىك يېقىنلاشقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.»

ئەمما ئاۋسترالىيەدىكى «ئامېرىكا تەتقىقات مەركىزى»نىڭ خىزمەتچىسى بىلىپىك ھېزىنگېرغا كۆرە، پيوڭياڭدىكى يىغىلىش ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىر ئاجىزلىقنى كۆرسىتىپ بەرگەن بولۇپ، ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «بۇ خىتاي بىلەن رۇسىيەنىڭ دوستلىرىنىڭ قانچىلىك ئازلىقىنى ھەمدە ھەر ئىككى دۆلەتنىڭ (شىمالىي كورېيەدىكى) لۈكچەك ھاكىمىيەتنى قوللاشنى خالايدىغانلىقىنىڭ رېئال ئىپادىسىدۇر.»

## ئامېرىكا بىلەن ئاۋسترالىيە خىتايغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ھەربىي ھەمكارلىقنى كۈچەيتمەكچى

«abcnews» تورنىڭ 29 ـ ئىيۇلدىكى خەۋىرىگە كۆرە، بىردەك ھالدا خىتاينىڭ غەربىي تىنچ ئوكياندىكى كونىسىرى كۆچىيىۋاتقان تەسىرى ۋە زېمىن تەلىپىنى تىزگىنلەشكە ئۇرۇنىۋاتقان ئامېرىكا بىلەن ئاۋستىرالىيە ھەربىي ھەمكارلىقنى كېڭەيتىش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلغان.

بۇ كېلىشىم ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى بىلەن دۆلەت سېكرېتارى ئۆزلىرىنىڭ ئاۋستىرالىيەلىك ماقامداشلىرى بىلەن ئاۋستىرالىيەنىڭ بىرىسبېين شەھىرىدە ئۆتكۈزگەن يىللىق ئۇچرىشىشتىن كېيىن ئېلان قىلىنغان.

بۇ كېلىشىمگە بىنائەن، ئامېرىكا سۇ ئاستى پاراخوتلىرى ئاۋستىرالىيەنىڭ غەربىدىكى بازىلارنى دائىم زىيارەت قىلىدىكەن، ئامېرىكانىڭ ئاۋستىرالىيەنىڭ شىمالى ۋە غەربىدىكى ھاۋا ئارمىيە بازىلىرىغا كىرىش قېتىم سانى كۆپىيىدىكەن، ئىككى دۆلەتنىڭ ئالەم بوشلۇقى ساھەسىدىكى ھەمكارلىقى كۈچەيتىلىدىكەن ۋە ئاۋستىرالىيەنىڭ ئۆزىنىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبىسىنى ياساش ئىقتىدارى تېزدىن كۈچەيتىلىدىكەن. شۇنداقلا رايوندىكى باشقا دۆلەتلەر بىلەن، بولۇپمۇ ياپونىيە بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇر بىخەتەرلىك مۇناسىۋىتى ئورنىتىلىدىكەن.

ئاۋستىرالىيەنىڭ مۇئاۋىن باش مىنىستىرى ۋە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى رىچارد مارلېس شۇ كۈندىكى يىغىندىن كېيىن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا «بىز ئارمىيىمىزدىكى ئىتتىپاقلىقنىڭ ئەزەلدىن بۇنداق كۈچلۈك بولۇپ باقمىغانلىقىنى ھېس قىلماقتىمىز» دېگەن.

ئاۋستىرالىيەنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى ھېنرى ۋوڭ ئامېرىكانى «ئاچقۇچلۇق ئىتتىپاقداش» دەپ ئاتاپ، « ئامېرىكا بىزنىڭ يەرشارىدىكى ئەڭ يېقىن شېرىكىمىز؛ ئەڭ يېقىن ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھىمىز» دېگەن.

## خىتاي چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەندىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆزلىرى ئۈچۈن جاسۇسلۇق قىلىشقا مەجبۇرلىماقتا

«BBC» تورىنىڭ 31 ـ ئىيۇلدىكى خەۋىرىگە كۆرە، بىخەتەرلىك ئامىلى سەۋەبلىك «ئالىم» دېگەن يالغان ئىسىم بىلەن BBC نىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان بىر ئۇيغۇرنىڭ بىلدۈرۈشىچە، يېقىندا بىر خىتاي بىخەتەرلىك خادىمى ئۇنى ئالتە يىلنىڭ ياقى بىرەر قېتىممۇ ئالاقىلىشىپ باقمىغان ئاپىسى بىلەن ۋىدىيولۇق كۆرۈشتۈرگەن. ئوغلىنى كۆرۈشكە تەشنا بولغان ئانا ئۇنى كۆرۈپلا: «بالام، بۇ ھاياتىمدا سىزنى قايتا كۆرەرمەن، دەپ ئويلاپ باقمىغانتىم» دەپ يىغلاپ كەتكەن. ئالىممۇ ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ كەتكەن ۋە بۇ ئانا ـ بالا تۈزۈكرەك گەپلىشەلمەي، بىر ـ بىرىگە قاراپ توختىماي يىغلىغان.

ھالبۇكى، ئالىمنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ۋىدىيودا ئاپىسىنىڭ ئارقىسىدىكى تام ئاپئاق بولۇپ، ئۇ بۇنىڭ ئۆز ئۆيىنىڭ تېمى ياكى مەلۇم بىر جازا لاگېرىنىڭ تېمى ئىكەنلىكىگە جەزم قىلالمىغان.

**ئاندىن، ھېلىقى خىتاي بىخەتەرلىك خادىمى ئالىمغا ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ، ئۇلارغا ئالاقىدار ئىستىخباراتلارنى توپلاپ خىتايغا يوللاشنى تەلەپ قىلغان بولۇپ، ئالىم بۇ ھەقتە: «ھەرقېتىم لوندوندا خىتايغا قارشى نامايىش بولسىلا، ئۇلار ماڭا تېلېفون قىلىپ، نامايىشقا كىملەرنىڭ قاتنىشىدىغانلىقىنى سورايدۇ» دېگەن.**

**شۇنداقلا، خىتاي بىخەتەرلىك خادىملىرى يەنە ئالىمغا پۇل بەرگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا شۇ پۇل ئارقىلىق ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنى تاماققا تەكلىپ قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللاردا ئۇلارغا يېقىنلىشىشنى جېكىلىگەن. ھەتتا، بۇ خىتاي بىخەتەرلىك خادىمى ئالىمنىڭ تۇيۇقسىز «بېيىپ» كەتكەنلىكى سەۋەبلىك كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بىرەر شىركەت ئېچىپ، شۇ شىركەتنىڭ نامىدا ھەرىكەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان. ئالىمنىڭ ئېيتىشىچە، مۇشۇ خىل مەقسەتتە قۇرۇلغان شىركەتلەر خېلىلا كۆپ ئىكەن.**

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى


رىچى توررېس
«ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى ئىستىخبارات دوكلاتى» قانۇن لايىھەسىنىڭ باشلامچىسى،
ئامېرىكا قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ھۆرمەتلىك رىچى توررېس ئەپەندى



# ئۇيغۇرلار

## *The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈك تەرىپى ئۇلارنىڭ ئەخلاقنى ھەممىدىن ئۈستۈن كۆرگەنلىكىدە.